Doğu Türkistan Müslümanları Dergisi

مجلة مسلمي تركستان الشرقية

Journal of Eastern Turkistan Muslims

东突厥斯坦穆斯林杂志

Журнал "Мусульмане Восточного Туркестана

東トルキスタンムスリム 雑誌

Zeitschrift der Muslime aus Ost-Turkistan

Le Magazine des Musulmans du Turkestan Oriental


# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان


يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي، ئەدەبىي ژۇرنال | 2017 - يىلى 12 - ئاي | 2 - سان (ئومۇمىي 4 - سان)


- غايەم ۋە داۋا يولۇم
- ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە چۈشەنچە
- شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋى ۋە ئەسەرلىرى



## تارىخى جاھانكۈشاي


2

2017

Şarki Türkistan Müslümanları

# شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى

مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

يېرىم يىللىق ئىلمىي، سىياسىي، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ژۇرنال

2017 – يىل 12 – ئاي 2 - سان

(ئومۇمىي 4 - سان)

تەسىس قىلغۇچى ۋە باش مۇھەررىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

ئىجازەتنامە نومۇرى:

25601048 - B.M 2016/1216

**مەسلىھەتچىلەر: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)**

ئابدۇلئەھەد ھاپىز (سەئۇدى ئەرەبىستان)
دوكتور ئاتائۇللاھ شەھيارى (تۈركىيە)
دوكتور ئالىمجان بۇغدا (تۈركىيە)
تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن (گېرمانىيە)
ئەكرەم ھىزىم (گېرمانىيە)
پەرھات مۇھەممەدى (گېرمانىيە)
سىراجىددىن ئەزىزى (سەئۇدى ئەرەبىستان)
كامىل تۇرسۇن (كانادا)
مۇھەممەد يۇسۇپ (سەئۇدى ئەرەبىستان)
مىركامىل كاشغەرىي (تۈركىيە)

ئىلشات ھەسەن (ئامېرىكا)

**ئەسكەرتىش:**

«شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى يازما ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى يازغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئالاقىدار ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

Merkez Mah. 2090 Sok.1BF Selimpaşa - Silivri /İSTANBUL

Cep: (+90) 532 414 40 55

## مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ..... 02

ئىلھام توختى

غايەم ۋە داۋا يولۇم ..... 03

ئابدۇۋەلى ئايۇپ تەرجىمىسى

مۇھەممەد يۇسۇپ

فاتىھە سۈرىسى تەپسىرى ..... 15

دوتسېنت دوكتور كەمال باتاك

ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە چۈشەنچە ..... 27

خىتايغا تەۋە تۈركىستاننىڭ زېمىن ۋە خەلقى ..... 60

ئابدۇۋەلى ئايۇپ تەرجىمىسى

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋى ۋە ئەسەرلىرى ..... 84

ئاتا مالىك جۇۋەينى

تارىخى جاھانكۇشاي ..... 98

كۆۋرۈك ئاستىدىكى شام نۇرى ..... 119

# مۇھەررىردىن:

ئەلى ئىززەتبېگوۋىچ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ۋە تايانچى دىن بولۇپ، مائارىپ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، مەۋجۇتلۇق شەكلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەسلەپتە ئائىلە، ئارقىدىن مەكتەپ قاتارلىقلار بىلەن ئەمەلگە ئاشقان دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەلىم-تەربىيەدە ئىپادىلىنىدۇ. تەلىم-تەربىيەسىزلىكنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى يوق قىلىش ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. ئىسلام تۈزۈمى كونكرېت تەدبىرلەر بىلەن خەلقنىڭ ھاراقتا بېرىلىشىگە سەۋەبچى بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى، ئوچۇق - ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن زىنانى، سۆزلەرنى، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋە تېلېۋىزوردىكى سېرىق كۆرۈنۈشلەرنى، قىمارنى، كېچىلىك كۇلۇپلارنى ۋە ئىسلامىي ئەخلاق ئېڭىغا زىت بارلىق كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىنى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

مائارىپنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوقۇ-ئوقۇتۇش سىستېمىسى ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تەلىم ئېلىش ۋە مەكتەپ تەربىيەسىگە ئىگە بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار نۆۋەتتىكى پاسسىپ، قالاق ۋە ئاجىز ئەھۋالدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ چىقىشى ئۈچۈن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن سىرت، ئىككىنچى قەدەمدە تەلىم-تەربىيەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى شەرت. بىلىم ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەتىجىلەر، يېڭىلىقلار ۋە ئۇتۇقلاردىن مۇۋاپىق شەكىلدە پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈش قابىلىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرماي تۇرۇپ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇستەقىللىقىمىزغا ئېرىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

رىئاللىق شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، كۈنىمىزدە ئىسلام دۇنياسىدا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن جىددىي ئۆزگىرىشى زۆرۈر بولغان ئورگان مائارىپ ئورگىنىدۇر. سۈپەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مائارىپنىڭ ياتلارغا مەنىۋى ۋە ماددى بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا پايدىسى بولغاندىن سىرت، ئىسلام جەمئىيىتى ئەزالىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سان جەھەتتىن ئېيتقاندا، مائارىپنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ساھەسىدىكى كەمچىلىك، نۇقسانلىق ۋە ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەلىم-تەربىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدىلا تەلىم-تەربىيە پىروگراممىلىرىمىزدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىساق، كېيىنكى ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقۇسى.



# غايەم ۋە دەۋا يولۇم

**ئىلھام توختى**

ئابدۇۋەلى ئايۇپ تەرجىمىسى

***تەرجىماننىڭ ئىلاۋىسى: ئۇستاز ئىلھام توختى ھەپسىگە ئېلىنغانغا ئۈچ يىل بولۇپ ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە ئىلاجسىزلىق ئىچىدە دۇئا قىلىشتىن باشقا بىر ئىش قىلىپ باقماپتىمەن. گەرچە ئۇستازنىڭ لېكسىيەلىرى، تەربىيەلىرى يادلىنىپ تۇرسىمۇ مېنىڭدىكە جاۋابىمىز نىسى قاپتۇ. شۇڭا ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندى ماڭا بۇ ماقالىنى تەرجىمىگە ھاۋالە قىلغاندا ئاۋۋال كۆڭلۈمدىن كەچكىنى ئۇستاز سىڭدۈرگەن ئەجرىگە بولغان قەرزدارلىق بولدى. ئىلھام مۇئەللىم يېزىقچىلىقتا قانداق ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسا بىزگىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇ بىر دادا سۈپىتىدە ئىچكىرىدە سەرگەردان يۈرگەن ئۇيغۇر بالىلارغا كۆيۈنگەن، ئۇلارنى قاماقلارغا بېرىپ يوقلىغان، ئۇلارنى ئوغۇرلۇقتا سېلىۋاتقانلارغا قارشى مەيدانغا چىققان ئىدى. باشقىلار تەتىلدە يۇرتلاردىكى ئولتۇرۇشلارغا غەرق بولسا ئۇستاز ئۇيغۇر ئارىسىغا تەكشۈرۈشكە باراتتى، ئويلىغانلىرىنى مەكتەپكە قايتقاندا ماقالە قىلىپ يازاتتى، بىزلەرگە لېكسىيە قىلىپ سۆزلەيتتى. مەن ئالىي مەكتەپتە تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئىلىم مۇنبىرىدە ئۇستاز ئەڭ كۆپ سۆزلەپ بېرىدىغان ۋە قاچانلا قارىسا يېڭى پىكىرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئويغىتىدىغان، مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولىدىغان كىشى ئىدى.***

***مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا ئىدىيەلەر، غايىلەر ۋە تەرغىباتلار قۇلاقلارنى پاڭ قىلىۋاتقان بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ئۇستازنىڭ پۈلسىز ئوقۇغۇچىلىرىنى بېيجىڭدىكى ئاشخانىلارغا ئىشقا تونۇشتۇرغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ سوراقتىكى سۇلغۇن چىرايىغا قارىدىم، ئۇ دوستلىرىم بىلەن تۇتۇلغانلىقىمنى تور بېتىدە تۇنجى خەۋەر قىلغاندا بىر كۈنلەردە ئۆزىنىڭمۇ شۇ كۈنگە قالىدىغانلىقىنى، ئۆزى قامالغان تۈرمىنىڭ كېڭىيىپ، ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرغا چۈشكەن ئاخىرقى ئەركىنلىك نۇرلىرىنىمۇ قارماق تاشلايدىغانلىقىنى ئويلىغان بولغىيمىدى؟***

***ئۇستازنىڭ بۇ يازمىسىنىڭ بېشى ماڭا ئامېرىكىدىن كېلىپلا ئۇزاق ئۆتمەي پىيىمغا چۈشكەن خادىملارغا سۆزلىگەن ۋەزلىرىنى ئەسلەتتى. مەنچە ئۇستاز يازمىدا پۈتۈنلەي ئۆزىنى، ئىشلىرىنى ۋە غايىسىنى ئاقلاش تىرىشچانلىقىدا ئىدى، بەلكىم بىز مەجبۇرلارنىغان ئەمەلىيەت بىزنى توختىماي پەرەز قىلىش، بىشارەت ئىزدەش، ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش، ئۆزىنى قېزىش، ئۆزىگە يۈزلىنىشتەك بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىغا كۆندۈرىۋاتقان بولسا كېرەك. بۇ بىزنى تەبئىي ھالدا مۇداپىئەگە مەھكۇم قىلىدۇ، كىرزىستا مۇداپىئەدە تۇرغان كىشى دەردى بىلەن قېلىپ ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ئانالىز قىلالماسلىقى، شۇنداقلا مەسىلىنى، شارائىتنى، مەسىلىگە ئىشتىراك قىلىۋاتقان قارشى تەرەپنى يېتەرلىك چۈشىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن ئىدى.***

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1 ـ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىم ۋە كىشىلىك غايەم. مەن 1969 ـ يىلى شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم، كىچىكىمدىن ئۇيغۇر ـ خەنزۇ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ھۆكۈمەت ئائىلە قوروسىدا چوڭ بولغان ئىدىم. بوۋاملار ساۋاتسىز، دادام بولسا يېڭى جۇڭگو يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ھەقىقىي ئاز سانلىق مىللەت زىيالىسى ئىدى. 1950 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا دادام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئالدى ـ كەينى بولۇپ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، لەنجۇ تۆمۈر يول ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئوقۇللاردا بىلىم ئاشۇرغان ئىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە يەرلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلدى. 1971 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا دادام 28 يېشىدا ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا مەن ئارانلا 2 ياشتا ئىدىم، ئىنىم ئاران 11 ئايلىق بولغانىدى. ئاتۇشتا رىمونت ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئانام بىز 4 بالىنى بېقىپ چوڭ قىلدى. دادامنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساۋاقداشلىرى ھازىر ئاپتونوم رايوندا بىرىنچى قول باشلىقلاردىن بولۇپ بولدى. بىز گەرچە دادىمىزدىن پەخىرلەنسەكمۇ، ئەمما چوڭلار دادىمىزنىڭ قانداق ئادەملىكى ۋە قانداق ئۆلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىغاچ، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى مۇرەككەپ سىياسەتنى چۈشەنمىگەچ بىلمەيتتۇق.

1980 ـ يىلى، چوڭ ئاكام 15 ياش ۋاقتىدا ھەربىيلىككە قاتنىشىپ، ناھايىتى تېزلا يەرلىكتە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. ئارىلىقتا ئۇ ئالدى ـ كەينى بولۇپ شاڭخەي، ئۈرۈمچى، دالىيەن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بىلىم ئاشۇردى. ئالدى ـ كەينى بولۇپ، ئاتۇش شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، شۇجىسى، قىزىلسۇ تەشكىلى گۇرۇپپىسى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، قىزىلسۇ ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى... بولغان، ھازىر بولسا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئىككى ئاكامدىن باشقا، مېنىڭ ئىككىنچى يەڭگەم ۋە بالىسى، چوڭ ئاكاملارنىڭ ھەممىسى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ ئائىلەم ئەمەلىيەتتە ساقچىلار ئائىلىسى. بىراق، مېنىڭ سەۋەبىمدىن، ئۇلار نەچچە يىلدىن بۇيان تولا ئاۋارىچىلىققا ئۇچراپ كەتتى.

1985 ـ يىلى، مەن 16 يېشىمدا ئىچكىرىگە ئوقۇشقا ئۆتۈپ، يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، ئالدى ـ كەينى بولۇپ: مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (تەييارلىق)، شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتى(باكلاۋۇرلۇق) ۋە مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىسادشۇناسلىق (ماگىستىرلىق) قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇدۇم. كەسپى جەھەتتە مەن شى جىڭيى، چىنسەي، جاڭ كىۋۇ قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىم. ئۇلارنىڭ مەندەك بىر ئۇيغۇر ياشقا بەرگەن ئۆگۈتلىرى، شىنجاڭغا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان كۆڭلى، ئىلىمگە بولغان سەمىمىي پوزىتسىيەسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

1991 ـ يىلى، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلدىم، فاكۇلتېت ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كاتىپى بولدۇم. كېيىن 1994 ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر

ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىسادشۇناسلىق مەركىزىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن «ئىقتىسادشۇناسلىق»، «چەت ئەل ئىقتىساتشۇناسلىقىدىن تاللانما»، «شىنجاڭ ئىقتىسادى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتۈم. ئارىلىقتا 1996 - يىلى ئۆز چىقىمىم بىلەن كورىيەگە ئوقۇشقا چىقتىم. 2001 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈرى بويىچە پاكىستان دۆلەتلىك تەرەققىيات تەتقىقات ئورنىدا «شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى بىخەتەرلىك مۇھىتى ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات» مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدىم. 2003 - يىلى، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى خەلقئارا ئىقتىساد فاكۇلتېتىدا «خەلقئارا سودا»، «خەلقئارا راستچوت ۋە ئىناۋەتلىك قەرز»، «شىنجاڭنىڭ نوپوس، بايلىق، مۇھىت ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستىراتېگىيەسى تەتقىقاتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتۈم.

1994 - يىلىنىڭ ئالدى- كەينىدە، مەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە قاتتىق قىزىقىپ قالدىم. «نۇر گېزىتى»، «ئىقتىسادىي قوللانما گېزىتى»، «غەربنى تەرەققىي قىلدۇرۇش گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلغاندىن باشقا، يەنە مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، مىللىي ئىقتىساد، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى قاتارلىق ئىلمىي مەتبۇئاتلاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم. 1994 - يىلدىن باشلاپلا، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. نەزەر دائىرەمنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى ئۈچۈن مەن ئىنگلىز تىلىدىن باشقا يەنە كورىيان تىلى، ياپون تىلى، ئوردۇ تىلى، روس تىلى قاتارلىقلارنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ ئادەتتىكى تۇرمۇش سۆزلىرى ئىشلىتىپ، ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدىغان بولدۇم.

خىزمەت مەزگىلىدە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ تىجارەت قىلدىم. پايچېك بازىرى، بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇش قاتارلىق تۈرلەردە ئاز پايدا ئالدىم. مائارىپ خىزمىتى سەۋەبىدىن چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرغاچ، بەزى دوستلىرىم ماڭا خىزمەتتىن بىراقلا قول ئۈزۈپ، سودىگەر بولۇش تەكلىپىنىمۇ بەرگەن. ئەمما كەڭ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق رايونلارنى ئايلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، مەن نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدا ئۆزئارا ئۇرۇش، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، ئوتتۇقسىز ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش قاتارلىق جانلىق مىساللارنى ئەينەن كۆردۈم. بۇ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ مەندە چېگرا سىرتىدا كۆرگەن پاجىئەلەرنىڭ جۇڭگو ئىچىدە ئوينالماسلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسى تەتقىقاتىغا پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئىنتىلىش ئىستىكى شەكىللەندى.

بۇ ئىستەكنى دەپ مەن ئۆز چىقىمىم بىلەن كەڭ كۆلەمدە جەمئىيەت تەكشۈردۈم. سىستېمىلىق ھالدا جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، جۇغراپىيەلىك سىياسەتشۇناسلىق قاتارلىقلارنى ئۆگەندىم. نەتىجىدە ئىقتىسادشۇناسلىقتىنمۇ كەڭرەك بولغان كۆزىتىش ۋە تەھلىل ئۇسۇلىغا

www.uyghurkitap.com

ئېرىشتىم. ئىزدىنىشىمنى ئېخىمۇ مول ۋە پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن بېيىتىش ئۈچۈن، مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپالاردىكى ئۆتنۇقسىز مىسالالاردىن باشقا، ياۋروپا، ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدىم.

مەن جەبىر- جاپادا مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانامنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ھىلىھەم قاتتىق نامراتلىق ۋە مۇشەققەتتە قالغان مىللىتىمنى چوڭقۇر سۆيىمەن، مېنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن بۇ تۇپراقنى قەدىرلەيمەن! مەن ئانا يۇرتۇمنىڭ ئىچكىرىگە ئوخشاش باي- باياشاتچىلىققا تولىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن! مەن يۇرتۇمنىڭ، ۋەتىنىمنىڭ قالايمىقانچىلىق ۋە بۆلۈنۈشلەرگە پېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. مەن بالايىئاپەت تولا يۈز بېرىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئىجىل- ئىناق ياشايدىغان، پارلاق مەدەنىيەت يارىتىدىغان بۈيۈك دۆلەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شىنجاڭ جەمئىيىتى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، مىللەتلەر ئارا ئالاقە ۋە چۈشەنچىگە كۆچەپ، زامانىۋى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىجىل- ئىناق ئۆتۈشىنىڭ يولى توغرىسىدا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىزدىنىشنى ئۆزەمنىڭ غايەم ۋە ئۆمۈرلۈك كۆرەش نىشانىم قىلىمەن! بۇ تاللىشىم مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھىت، ئانامنىڭ تەربىيەسى، مەن ئالغان مائارىپ ۋە كەچمىشىمدىن كەلگەن!

2 ـ مەن شىنجاڭ مەسىلىسى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جۇغراپىيەلىك سىياسەتنى تەتقىقات قىلماقچى بولغان بىر زىيالىي. مەيلى دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر مېنى سىياسىيون دەپ سۆپەتلىسۇن ياكى شۇنداق بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلسۇن، مەن باشتىن ـ ئاياغ شۇنىڭدا چىڭ تۇرىمەنكى: مەن پەقەت بىر تەتقىقاتچى، سىياسىيلاشتۇرۇلۇشنى خالىمايمەن ھەم ئۈمىد قىلمايمەن! زىيالىي بولۇشتىن باشقا، مەن ئاتىلىشنى خالايدىغان بىردىنبىر ئاتاق مىللەتلەر ئارا ئالاقە ۋە چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۆۋرۈك- ئەلچى بولۇشتۇر.

1994 ـ يىلىدىن بۇيان، دائىم شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتتىكى خاتالىقلىرىنى ئۇدۇللۇق تەنقىد قىلىش سەۋەبلىك، ئوقۇتۇشۇم ئۈزلۈكسىز توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇردى. 1999 ـ يىلىدىن بۇيان، مېنىڭ ماقالىلىرىم ئېلان قىلىنمايدىغان بولدى. 1999 ـ 2003 ـ يىللىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىقىم بىر مەزگىل توختىتىلدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەن شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش قىلغىنىم، شۇنداقلا خەنزۇچە «ئۇيغۇربىز» تور بېتىنى قۇرغىنىم، بىسىملارنى ئېخىمۇ ئاشۇرۇپلا قالماستىن، شىنجاڭدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرىم، ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىم ئۇچرىغان بېسىملارمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇرۇق- تۇغقانلىرىم دائىم ماڭا يالۋۇرۇپ ئاز سۆزلەش، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، ئۇنۇمنى ئىچمىگە يۇتۇپ جىم يۇل تېپىشنى تاپىلايتتى. ھالبۇكى، كۆز ئالدىمدا شىنجاڭ مەسىلىسى ئېخىمۇ ئېغىرلاپ، ئامەمۇي ئۆچمەنلىك ئېخىمۇ ئېشىپ باراتتى.

مەن بىلىمەن، مىللىتىمىز ئىچىدە ماڭا ئوخشاش ياخشى تەربىيە كۆرگەن، نەزەر- دائىرىسى كەڭ ۋە مول سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە كىشىلەر بەك كۆپ ئەمەس. دۆلىتىمىزدە شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدە ماڭا ئوخشاش تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە كىشىلەر ئاز. بۇ ساھەدە، ھەقىقىي تونۇشقا ئىگە، مەسئۇلىيەتچان ۋە سەمىمىي، دۇرۇس زىيالىيلار تولىمۇ كەم تېپىلىدۇ. ئەمما جۇڭگو جەمئىيىتى كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان سىناق تولىمۇ مۇشكۈل. شۇڭا بىسىملارغا چىداپ، ئۆزەم ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم!

ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ چاقىرىقى ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشى مېنى تولىمۇ قىينايدۇ. 5 - ئىيۇلدا مىللىي پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ مەسىلىسى بىردىنلا خەلقئارادىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. مەنمۇ ھەرقايسى تەرەپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شەخسكە ئايلاندىم، شۇنداقلا ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان ھالدا سىياسىي شەخس سۈپىتىدە مۇئامىلىگە ئۇچرىدىم. مەن ھەرقانداق شەخس ياكى ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىشىنى رەت قىلمايمەن. ئەمما مەن ئىزچىل ھالدا ھەرقانداق نىيەت بىلەن مېنى سىياسىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرىنى قەتئىي رەت قىلدىم.

مېنىڭچە، مەن پەقەت ئاددىي، پاك بىر زىيالىي. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن كېچىپ ئاۋامغا ياردەم بېرىپ، جەمئىيەتكە كۈچىنىڭ يېتىشىچە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان كىشىلا مىللىتىگە ۋە دۆلىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.

دەل مۇشۇنداق كۈچلۈك تونۇشقا ئىگە بولغىنىم ئۈچۈن، مەن 5 - ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن، سىرتقى مۇھىتنىڭ قاتتىق بېسىمى، ئىقتىسادىي بېسىمغا قالغان مەزگىللەردىمۇ، باشتىن ئاياغ چېگرا سىرتىدىكى ھەرقانداق ئورۇنلارنىڭ بىر تىيىن ياردىمىنىمۇ قوبۇل قىلمىدىم. تاشقى ئىشلار ئورگانلىرى بولسۇن ياكى ھۆكۈمەتسىز ئورگانلار بولسۇن، ھەتتا پۈتۈنلەي تىجارەتتىكى ئېلىم- بېرىم ئىشلىرى بولسۇن، مەن چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار ھەرقانداق پۇلنى تېپىشنى خالىمىدىم. مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا، ياۋروپالاردا كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت چەمبىرىكىم بار بولۇپ، ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپلا باشقىلارغا ياردەملىشىپ پۇل تاپالايتتىم. ئەگەر مەن خەنزۇ بولغان بولسام بەلكىم مەن بۇنداق پۇللارنى ئېلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەمما مېنىڭدەك بىر قاتتىق گۇمانغا ئۇچراۋاتقان پۇقرا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خەنزۇ زىيالىيلار تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بېسىم ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك.

ئۇزۇندىن بۇيان، مىللىي مەسىلىلەرنىڭ سەزگۈرلۈكى سەۋەبىدىن جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئارىسىدىلا مۇساپە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا خەنزۇ زىيالىيلار بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىمۇ نورمال ئالاقە كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئارىلىق ۋە گۇمانخورلۇق كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان مىللىي مەسىلىلەر توغرىسىدا بىزنى ھەتتا ئوچۇق- يورۇق مۇھاكىمە قىلىشتىنمۇ توسۇپ قويىۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ بىنورمال ۋە قورقۇنچلۇق كەيپىيات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن 2005 ـ يىلى «ئۇيغۇربىز» مۇنبىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلارنىڭ تور يۈزىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا تەقدىم قىلدىم. ئەلۋەتتە بۇ قاتتىق مۇنازىرىلەرنى قوزغايدۇ. ئەمما مىنىڭچە بۆلۈنۈش توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىش قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇق بولغىنى سۈكۈت ئىچىدىكى گۇمانخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكتۇر.

شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ خەنزۇ ئىلىم ساھەسىدە كۆپلەپ دىققەت قوزغىشى، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك كۆز قاراشلار ۋە تەجرىبىلىرىنى تەقدىم قىلىشى ئۈچۈن «ئۇيغۇربىز» مۇنبىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن ئاكتىپ ھالدا خەنزۇ ئىلىم ساھەدىكىلەر بىلەن ئارىلىششقا باشلىدىم. مەن يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشقا كۈچىدىم.

5 ـ ئىيۇلدىكى پاجىئە ۋە كېيىنكى شىنجاڭ مىللەتلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن مەن مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە گۇمانخورلۇق ئۈزلۈكسىز يىغىلسا قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. گۇمانخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ پولات تېمىنى چىقىپ تاشلاش ئۈچۈن مەن 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنى خاتىرىلەپ، خەلقىمىز ئارىسىدا «خەلقلەر ئىناقلىقى كۈنى» (ياكى «مىللەتلەر ئەپلىشىش كۈنى») پائالىيىتىنى خىيال قىلغان ئىدىم. تەتىل ۋاقىتلىرىدا مىللىتى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئائىلە ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتسە دەيمۇ ئويلىغان. كەلگۈسىدىكى بىر ئەۋلاد مىللەتلەرئارا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرسۇن، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنى توغرا چۈشىنەلەيدىغان ۋە ھۆرمەتلىيەلەيدىغان كەڭ قورساق ئاڭنى شەكىللەندۈرسۇن دېدىم. بۇ خىياللىرىم كېيىن ھەرخىل تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئەسلىدە ئىلمىي، سەۋىرچان، ئەپۇچان، مۆتىدىل، تارىخنى ھۆرمەتلىگەن، رېئاللىقنى ھۆرمەت قىلغان، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن پوزىتسىيە بىلەن مىللەتلەرئارا مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك ئىدى. مەن ئوقۇغان مائارىپ، ئالغان تەربىيە ۋە شەكىللەندۈرگەن ئەقلىي يەكۈن، شۇنداقلا مېنىڭ بۇلارغا ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلىش جەريانىم يۇقىرىقى پوزىتسىيەنى بارا ـ بارا مېنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتىمغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىم، غايەم ۋە ئۇسۇلۇمنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا بىلدۈرۈشتەك كۈچلۈك ئارزۇيۇم بار. ماڭا ئوخشاش ھەر بىر دەرس مەزمۇنى ئۈچۈن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىدىغان، ئۇزاق مۇددەتكىچە ھەر شەنبە كۈنى ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوچۇق دەرس قىلىپ سۆزلەپ بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى كەم تېپىلىدۇ.

مەن تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىساد ـ شۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق كەسپىي ساھەلەردە ئوقۇشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە كەسىپ تاللاشتا شەخسىي مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى بىرلەشتۈرەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بۇ كەسىپلەر كىشىلەرگە رېئاللىقنى چۈشىنىشتە، تەھلىل قىلىشتا ۋە چۈشەندۈرۈشتە سىستېمىلىق مېتود ئاتا قىلىدۇ. بۇ

كەسپلەر ئۆلارنىڭ پاك، سادda ۋە قىزغىن مىللىي

هېسسىياتىنى ئەقلىي، ئىلمىي پوزىتسىيەگە ئايلاندۇرۇشتا ياردەمچى بولىدۇ. بۇنداق ئىلمىي ئۇسۇل، پوزىتسىيە ۋە نۇقتىئىنەزەر يېتىلدۈرۈش ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تولىمۇ زۆرۈر ۋە قىممەتلىك بولۇپلا قالماستىن بۇنداق كىشىلەر تولىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

3 ـ مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئىزچىل دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان نۇقتا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت ئىككى زېمىن. شىنجاڭ ھەققىدە ئويلاشقاندا ئىككى نۇقتا دائىم كۆز ئالدىمدا، بىرى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى شىنجاڭ خەلقىنى ئىنچىل - ئىناق قىلىدىغان يولدۇر دېگەننى چۈشەندۈرۈش؛ يەنە بىرى جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى بىلەن يەرلىكنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئۈستىدە ئىزدىنىشتۇر.

بۈگۈن، شىنجاڭ خەلقى مىللىي مۇناسىۋەتتە ئومومىيۈزلۈك ھالدا پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى خۇ ياۋباڭ، سۇڭ خەنلياڭ دەۋرىنى سېغىنىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىك دەۋردە، ھۆكۈمەتنىڭ بايلىقلارنى ئادىل، باراۋەر تەقسىملىگەنلىكى ياخشى بولغان مىللەتلەر باراۋەرلىكى كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاقما نوپۇسلار چەكلەنگەن، تەڭسىزلىك ھېس قىلغۇدەك ئامىللار كەم ئىدى. خۇياۋباڭ - سۇڭ خەنلياڭ دەۋردە سىياسىي كەيپىيات ئازادە ئىدى. كۆرۈنۈشتە گەرچە قاقشاش، ۋايساش كۆپتەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە ۋەزىيەتكە ئىشەنچ قىلىنغاچ، بۇرۇقتۇرمىلىق ئازلاپ، ئاممىۋىي مايىللىق ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

1990 ـ يىلىدىن كېيىن، تاۋۇرلاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ تېزلىششى بىلەن شىنجاڭ ئىقتىسادىدا زور تەرەققىياتلار بولدى. ئەمما تەرەققىيات پۇرسىتىنىڭ مىللەتلەر ئارا باراۋەر بولماسلىقى كۆنسېرى روشەنلەشتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتقۇدەك ۋەزىيەت كۆرۈلدى. ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، ئاق چېكىش، پاھىشىۋازلىق قاتارلىق مەسىلىلەر بىر دىنىي ئېتىقادى بار، بۇنداق جىنايى ھەرىكەتلەرگە ئەزەلدىن كۆچلۈك مەدەنىيەت قارشىلىق كۆچى بار مىللەت ئىچىدە تېزلىكتە يامراپ، پۈتۈن مىللەت جىنايەتچى مىللەت دەپ قارىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇيغۇرلار قاراپ تۇرۇپلا «مارساس قىلتىقى»غا چۈشۈپ كەتتى. (مارساس قىلتىقى - تېخنىكا تەرەققىياتى پەقەتلا نوپۇسنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەسلىككە قارىتىلىدۇ).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جىددىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەيران قالارلىق ھالدا تەتقىقاتتىكى چەكلەنگەن رايون ۋە بوشلۇق بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا جەمئىيەت تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىپ چارە - تەدبىرلەرنى مۇلاھىزە قىلىش تۈگۈل، جۈرئەتلىك ھالدا مەسىلىگە يۈزلىنەلەيدىغان ئادەملەرمۇ بەك ئاز چىقتى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بۇ مەسىلىلەر بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتكە، خەنزۇلارغا نارازىلىق، ئىشەنمەسلىكنى كۈنسايىن ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇلار بولۇپمۇ ئىچكىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش خاھىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە سەۋەب بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ جەمئىيىتى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى گۇمانخورلۇق، ئىشەنمەسلىك جاراھىتىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمەن. چۈنكى خىزمەت پۇرسىتى، مىللى كەمسىتىش مەسىلىسى، ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى ئومومىيۈزلۈك يامراپ كەتتى. بولۇپمۇ 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر زىددىيەتلەر ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ پارتلاپ چىقىشى، ئاچچىقىنى چىقىرىش بولماستىن ئەكسىچە ئۆچمەنلىكنىڭ يەنە بىر قېتىملىق جۇغلىنىشى بولۇپ قالدى.

مەسىلىلەر ئېغىرلاشقانسېرى، كىشىلەر بارغانسېرى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. مەسىلە شۇ يەردىكى، 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۈچ خىل كۈچكە قارشى تۇرۇش» يەرلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىندى. نەتىجىدە ئۇيغۇر كادىرلار ۋە زىيالىيلار كۈچلۈك گۇمان، قاتتىق سىياسىي بېسىمنى ھېس قىلىپ يەتتى. مەن قانۇنىي مۇھىت كۆپ ئەۋزەل بولغان بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى، شىنجاڭ مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەتقىق قىلىش مېنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىم. چۈنكى بۇنداق قىلىش بىلىم ۋە كەسپىي ئىقتىدارغىلا ئەمەس، موھىمى جاسارەتكە ئېھتىياجلىقتۇر.

شەكسىزكى، 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى لاسا 14 ـ مارت ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى كىشىلەرگە مۇنداق بىر رىئاللىقنى بىلدۈردى. جىددى ئۆزگىرىش ھالىتىدىكى جۇڭگوغا مىللەتلەرنىڭ ئىناق ياشاش يولىنى تېپىپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر بولغان بىر ۋەزىپە. جۇڭگو سىياسەتنى تەكىتلەپ، بولۇپمۇ سىياسىي زاكۇن سۆزلەپ كۆنۈپ كەتتى. ئەمما قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سىياسىي سەنئەت نۇقتىسىدىن، مىللەتلەر ئىجىل ـ ئىناق ئۆتىدىغان مۇھىت يارىتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدە سۆزلەنگىنى بەك ئاز. ئۇنىدىن باشقا، مىللەتلەر ئىناق ياشاشتىكى ئۇسۇل مەسىلىسىدە باش قاتۇرغانلار بولۇش تۇگۇل، ھەتتا شۇنداق بىر ئاڭمۇ يوق.

ھەرقانداق بىر گۈزەل سىياسىي مەقسەت ۋە سىياسىي غايە ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق تەدبىرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ جۇڭگودا بەدەل بىلەن ھېسابلاشماي زور كۆلەملىك تەشكىللەش ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان، ئەمما سەۋىر كېتىدىغان ماھارەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ كەلگەن. ئەمما مالايسىيا، سىنگاپور قاتارلىق ئەللەر كۆپ مىللەت ۋە كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ گەۋدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەنپەئەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن باراۋەر يوسۇندا بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن مىللەتلەر ئارا كەڭ قورساق، ئىناق ياشاشتا ئۆزگىچە ئۈلگە ياراتتى. بۇ نوقتىدا مەن باشتىن ئاياغ مېنىڭ ئىزدىنىشلىرىم ۋە تىرىشچانلىقىمنىڭ قىممىتى بار دەپ قارايمەن.

مىللىي ئاپتونومىيەگە كەلسەك، مىللىي مەسىلىلەرنىڭ جۇڭگودا كۈنسېرى سەزگۈر ۋە جىددى مەسىلە بولۇپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا مەغلۇب بولغان مىللىي سىياسەتتىن ئىبرەت ئېلىنىشى كېرەك. جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىدىغان ئىزدىنىشلەر كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەمما

كۆپىنچىسى خەنزۇ مىللەتچىلىكىنى مەركەز قىلغان پىكىرلەر، تىپىك ھاكىمىيەت تەپەككۇرىدا بولىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يېقىنقى يىللاردىكى مەغلۇب بولغان يەرلىك مىللىي سىياسەتلەرنى ئاقلاش ۋە تەكرارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چەت ئەللەردىكى مىللىي زىددىيەتلەرنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلغان ياكى پەسەيتكەن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك كىرىزىسلىرىنى يوقاتقان زور مىقداردىكى تەجرىبە مىساللىرىغا ھېچكىم تەتقىقات نەزىرىنى ئاغدۇرمىدى. مەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمدارلارنى ئازدۇرىدىغان بۇنداق خاتا خاھىشىدىن تولىمۇ غەم يەيمەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بولسا مېنىڭ شەخسىي قىزىقىشىم بولۇپ، قوشنا بولغىنىمىز سەۋەب بولغان. شىنجاڭ مەسىلىسىگە تەبىئىي چېتىلغانلىقى سەۋەبلىك مەن چوقۇم ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسى يۆنىلىشىگە دىققەت قىلمىسام بولمايدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا شىنجاڭ بىلەن ئۇزۇندىن- ئۇزۇن چېگرىداش بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە تىل- مەدەنىيەت، دىن ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرى بار، كۆپلىگەن مىللەت خەلقى چېگرىداش دۆلەتلەردە ئولتۇراقلاشقان. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىر گەۋدە.

ئۇندىن باشقا، جۇغراپىيەلىك ئىستىراتېگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسىتىشى، جۇڭگونىڭ جۇ- غراپىيەلىك نوپۇزىنى قوغداش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ پايدىلىق. بۇمۇ ھەم مېنى قىزىقتۇرىدىغان مۇھىم سەۋەب.

تىل جەھەتتىكى قولايلىق سەۋەبىدىن ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تونۇشۇم ئۆسۈپ ماڭدى. جاھان كىزىش جەريانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسەت، ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەر بىلەن كەڭرى مۇناسىۋەت تورى ھاسىل قىلدىم. ئۇندىن باشقا مۇۋەپپىقىيەتلىك سودا تەجرىبەم بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان تەرىپىم. چۈنكى مەندە تېخىمۇ يېقىن بولغان مەنبە، ئۇچۇر ۋە تەجرىبە بار. ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا مەن يەرلىكنىڭ ئېتىراپىغا تېخىمۇ ئاسانراق ئېرىشەلەيمەن.

ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئەۋزەللىكىم بىلەن مەن نۇرغۇن خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىغا مەبلەغ سېلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدىم. جۇڭگو نېفىتچىلىكى ۋە كانچىلىقى قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بۇ دۆلەتلەردە بازار ئېچىش ۋە تۈرلۈك جىددى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىدىم.

مەن ئويلايمەنكى، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشى تېخى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق ھالدا يەكۈنلەنمىگەن تۈر. جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ ئۇنۇملۈك ۋە ئاكتىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

4 - «ئۇيغۇرىز» تور بېتى بولسا مەن شەخسەن قۇرغان تور بېكەت. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقى ۋە دۇنياغا شىنجاڭنى چۈشەندۈرۈش، ئۇيغۇرنى چۈشەندۈرۈش، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىگە بۇ دۇنيانى چۈشەندۈرۈش، مىللەتلەر ئارا ئۆزئارا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چۈشىنىش، ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر. بىكەت باشقۇرۇش جەھەتتە، ھەر قانداق مۇستەقىللىق، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ۋە مەسئۇلىيەتسىز چاقىرىق سۆزلەرنى، دۆلەتنى قالايمىقان قىلىدىغان سۆزلەرنى تارقىتىشقا قارشى تۇرىدۇ.

«ئۇيغۇربىز»نى قۇرۇشقا سەۋەب بولغىنى مەن توردىكى ئىزدەش كۆزنىكىدە ئۇيغۇرلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك تەشۋىق قىلىنىدىغان ھۆججەت خاراكتېرلىك سۆزلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا توسالغۇ تامنىڭ ناھايىتى قېلىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ چۈشەنچە ھاسىل قىلىدىغان مۇنبەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇيغۇر، خەنزۇ تورداشلار دائىم ئىكران ئارقىلىق بىر- بىرىنى سۆكۈدىكەن، ئەمما يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ مۇنازىرە قىلىدىغان، بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغان پۇرسەت يوق ئىكەن.

ئۇندىن باشقا، پۈتۈن جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلارنى مۇلاھىزە قىلىدىغانلار كۆپ ئىكەن-يۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى توغرۇلۇق ئاددىي ساۋاتلار چاغلىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز ئىكەن. كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتكە نىسبەتەن بۇ تولىمۇ ناتوغرا بىر ئەھۋال. باشقىلار قىلمىغاچقا مەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇراي دېدىم.

باشقۇرۇش جەھەتتە، ئۇيغۇربىز تور بېكىتى ھەرقانداق مۇستەقىللىق، بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ۋە مەسئۇلىيەتسىز چاقىرىق سۆزلەرنى، دۆلەتنى قالايمىقان قىلىدىغان سۆزلەرنى تارقىتىشقا قارشى تۇرىدۇ. لېكىن شىنجاڭ ياكى باشقا يەردىكى جەمئىيەتلەرنىڭ نىيىتى دۇرۇس، مەزمۇنى ھەقىقىي بولسىلا چەكلىمەيدۇ. گاھىدا مەن ئىشتىن ئاۋۋال پەرەز قىلغاندەك، بەزى غەزەپلىك خەنزۇ ياشلار ۋە قىزىققان ئۇيغۇر ياشلار مۇنبەردە تالىشىپ تۇرالماي قالىدۇ. بىراق مەن باشتىن ئاياغ بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەتلىشىش خەتەرلىك ئەمەس، قورقۇنچلۇقى پىكىر ئالماشتۇرۇشقا قەتئىي پۇرسەت بەرمەسلىك دەپ قارايمەن. پىكىر ئالماشتۇرۇپلا تۇرىدىكەن ھامان ئورتاق تونۇشلارغا ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن خەنزۇ تورداشلارمۇ مېنى سۆزلەردە رادىكاللىق قىلدى ياكى ئادىل بولمىدى دەپ ئەيىبلىگەن. ئەمما مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتىم. ئۇلار: مەن سېنىڭ كۆز قارىشىڭغا قوشۇلمىساممۇ، سېنىڭ مەقسىتىڭ ۋە ئىخلاسىڭنى توغرا چۈشىنىمەن» دېگەنىدى.

«ئۇيغۇربىز» پىكىر- تەكلىپ ئالماشتۇرىدىغان مۇنبەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئاممىغا نەپ يەتكۈزىدىغان مۇنبەر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ئالداپ ئەكەتكەن، تۇتقۇن قىلىنغان ۋە ئازدۇرۇپ ئەكەتكەن ئۇيغۇر باللار كۆپىيىپ قالدى. ئىچكىرىدە يانچۇقچىلىق بىر ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە كونسېرى ئېغىرلاشتى. بۇ يەرلىك خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمىي ئوبرازىغىمۇ زور دەرىجىدە زىيان كەلتۈردى. ئەمما بۇنداق ھەممىگە ئايان ۋە دىققەتكە سازاۋەر ئىجتىمائىي مەسىلە سەزگۈر دەپ قارالغاچقا، ھېچقانداق تاراتقۇلار ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىدى. ھېچقانداق بىر تەشكىلات ۋە ئورگانلار سىستېمىلىق ھالدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مەنچە ھەر بىر پەرزەنت ئۇ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى دۆلەتنىڭ

قىممەتلىك بايلىقىدۇر، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىدۇر.

شۇ ۋەجىدىن، مەن «ئۇيغۇربىز» مۇنبىرىدە سەرگەردان ئۇيغۇر بالىلارنى قۇتقۇزىۋالىدىغان بىر سۈپا قۇردۇم. ھەرقايسى جايلاردىكى ئوغۇرلۇققا قارشى تەشكىلاتلار بىلەن ئاكتىپ ئالاقىلىشىپ، سەرگەردان بالىلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قۇتقۇزۇش ۋە قانۇنى ياردەم تەمىنلىدىم. شۇنداقلا يەنە: «سۇمرۇغ ھەپتىلىكى»نىڭ بۇ ئىشنى ئاشكارا ئېلان قىلىشىغا تۈرتكە بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش پىلانىنى كۈن تەرتىپكە كىرگۈزدى.

ئۇندىن باشقا، مەن يەنە «ئۇيغۇربىز»نى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن پىكىر توپلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان قۇرال قىلدىم. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ھۆكۈمەت خەۋەرلىرىدىن سىرت ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن رېئال مەسىلىلەرگە دادىل قارىيالايدىغان، ئىلمىي، مۆتىدىل، بەرپاچىل ئاۋازلار ئەسلا يوق، ئەكسىچە ۋەتەن سىرتىدىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان پىكىرلەر ئاز بولمىدى. شىنجاڭدىكى مىللىي زىددىيەت كەسكىنلىك خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقاندا مىللىي مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلغاندا كۆز قاراشلاردا ئاسانلا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىدىغان چوڭ مۇھىتتا، بىز ئىلمىي، ساغلام بولغان ئاۋازىمىز بىلەن ئاشقۇن پىكىرلەردىن بازار تالاشمىساق بولمايدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئىجابى تەرەپكە يېتەكلەش مەن ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدىغان ۋەزىپە ۋە بۇرچلاردىن بىرى.

چۈنكى «ئۇيغۇربىز» مۇنبىرى مۇستەقىل مۇنبەر ھەمدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇنىڭدەك بىر تور بىكەت پەقەت يوق. مۇنبەر توختاۋسىز تالاش-تارتىشلار جەريانىدا ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئېتىراپ قىلغۇزدى، مۇنبەرنىڭ نامى ۋە تەسىر كۈچى كۈنسېرى ئاشتى. «ئۇيغۇربىز» مۇنبىرىنى قۇرۇش جەريانىدا مەن زور بىسىملارغا بەرداشلىق بەردىم. مۇنبەر قايتا-قايتا مەجبۇرى تاقىۋېتىلدى، نامسىز ھۇجۇملارغا ئۇچرىدى. مەن ئىشىنىمەنكى، «ئۇيغۇربىز» مۇنبىرىنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋالغۇسىز، مەن بىر دۇرۇس ئىشنى قىلىۋاتىمەن.

## خۇلاسە

بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ئۆز مىللىتىمگە چىن مۇھەببىتىم بار! بولۇپمۇ تارىخ ۋە مۇھىت سەۋەبلىك مىللىتىمنىڭ ئارقىدا ۋە قىيىنچىلىقتا قېلىشى مېنى دائىم ئەنسىرىتىدۇ. مېنىڭ دۆلەتكە ئوخشاشلا كۈچلۈك ھېسسىياتىم بار. بولۇپمۇ نەچچە دۆلەتلەردە سەييارە زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، كۈچلۈك ئائىلە-دۆلەت ھېسسىياتى ئاللىبۇرۇن مېنىڭ قان-قېنىمغا سىڭىپ كەتتى. مەيلى مېنىڭ مىللىتىم ياكى دۆلىتىم بولسۇن، ئۇنىڭ ئازابى ۋە ئىززىتى مېنىڭمۇ ئازابىم ۋە ئىززىتىمدۇر.

بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە باشقا جايلاردا مىللىي مەسىلە بۇ ئالاھىدە دەۋردە كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇشكۈل سىناققا دۇچ كەلدى. ھېسسىيات ياكى ئەقلىي جەھەتتە بولسۇن، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ھەرقانداق بىرىنىڭ يەنە بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى مېنىڭ قوبۇل قىلمىقىم ناھايىتى تەس. مىللىي مەسىلىدە مەن مىللەتلەرنىڭ تەبئىي بىرلىشىپ كېتىشىگە قارشى ئەمەس، چۈنكى بۇ جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتى.

تارىخقا قارايدىغان بولساق، خەنزۇلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان. ئەمما مەن دۆلەت تەرىپىدىن پىلانلانغان ۋە لايىھەلەنگەن شەكىلدە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىگە قارشى. ئەمەلىيەتتە، ھاكىمىيەت تۈرتكە بولغان مىللەتلەرنى يۇغۇرۇۋېتىش بۆلگۈنچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپ خىل مەدەنىيەت ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كەڭچىلىك بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش بولسا ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىشنى تېزلىتىدىغان ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پەقەتلا مىللەتلەرنىڭ ئىگىدارلىقى- ئاپتونومىيەدە چىڭ تۇرغاندىلا، جۇڭگونى كۆپ مىللەت ۋە كۆپ مەدەنىيەتلىك، زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە دۆلەت قىلغىلى بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي باشقۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كۆپ مىللەت، كۆپ مەدەنىيەتلىك ھالەت ئۆزگىرىش پەيتىدىكى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئاشۇردى. ئەمما مەدەنىيەت ۋە ئىجادچانلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ ھالەت جۇڭگودىكى ھەرقانداق مىللەتكە نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئورتاق بايلىق ھېسابلىنىدۇ. مەيلى جۇڭگو تارىخىغا قارايلى ياكى ھازىرقى دۇنياغا قارايلى قانچىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتكە كەڭچىل يول تۇتقان دۆلەت شۇنچىكى قۇدرەتلىك ۋە ئىجادكار بولىدۇ. ھەرقانداق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكنى زورلاپ تەكشىلىگەن ۋە بۇلارنى مۇستەھكەملەپ باشقا مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قاقىدىغان قاراش پۈتۈنلەي قەبىلىۋاز بىكىك جەمئىيەتنىڭ تەپەككۇرىدۇر. بۇ ئاشۇرۇپ تەكىتلەنگەن ۋە قوغدالغان مەدەنىيەتنىڭ ھاياتى كۈچىنىڭ ھالاك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

جۇڭگو ئاساسىي قانۇنىدىكى مىللىي ئاپتونومىيەگە ئائىت ماددىلار كۆپ مىللەت، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا قانۇنىي ئاساس ھازىرلىغان. ئەمما ئىجرا قىلىنىش ھەققىدە يەنىلا كۆپ ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشقا، ئىجرا قىلىنمىغانلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئىجراغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز چەت ئەلدىكى ھەرخىل ئۈتۈق قازانغان تەجرىبىلەردىكى قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى يەكۈنلەپ چىقىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك.

مەن چىن ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىگە يۈزلىنەلەيدىغان قەلب ۋە پاراسەت بولغاندىلا ئاندىن رىئاللىققا توغرا قارىيالايدىغان جاسارەت بولىدۇ. جۇڭگو چوقۇم تارىخقا ھۆرمەت قىلىدىغان، دۆلەت ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيە ئارىسىدا كۆڭۈلدىكىدەك تەڭپۇڭ بولغان مىللىي ئاپتونومىيە يولىنى تېپىپ چىقالايدۇ.

گەرچە، مەن ئۇدا نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭغا بېرىشتىن چەكلەنگەن بولساممۇ، مەن چىن ئىشىنىمەنكى، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن جۇڭگونىڭ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى كۈچلۈك ۋە زور تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتى مۇنداقلا توختاپ قالمايدۇ. مەن چىن ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ تىرىشچانلىقىم بۇ دۆلەتنىڭ ئۇتۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ. بۇ مېنىڭ پەخرىم!

ئىلھام توختى

2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



# فاتىھە سۈرىسى تەپسىرى

**مۇھەممەد يۇسۇپ**

فاتىھە سۈرىسى مۇددەسسىر سۈرىسىدىن كېيىن مەككىدە چۈشكەن، يەتتە ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، تەرتىپ بويىچە «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىرىنچى سۈرىسى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئېچىلىش، باشلىنىش، مۇقەددىمە دېگەن مەنىدە «**الفاتحة** _ ئەل فاتىھە» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىنىڭ كىرىشى ياكى باشلىنىشى دېگەن مەنىدە «**فاتحة الكتاب**» (فاتىھەتۇل كىتاب) دەپ ئاتىلغان سۆزگە ئاساسلانغان. بۇ سۈرىنىڭ باشقا ئىسىملىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار: ئانا كىتاب مەنىسىدىكى «**أم الكتاب** _ ئۇممۇل كىتاب»؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغانلىق ئېتىبارى بىلەن «**الأساس** _ ئەل ئاساس»؛ نامازلارنىڭ ھەربىر رەكئەتىدە تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەت بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن تەكرارلانغۇچى يەتتە ئايەت مەنىسىدىكى «**سبع المثاني** - سەبئۇل مەسانىي» ۋە نۇرغۇنلىغان سىرلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەزىنە مەنىسىدىكى «**الكنز** - ئەل كەنز» دېگەن ئىسىملاردۇر.

فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ساڭا مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟› دەپ قولۇمنى تۇتتى. بىز مەسجىدتىن چىقماقچى بولغىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭغا: ‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىز ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟› دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ دۇر، بۇ سۈرە تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە

ماڭا بېرىلگەن قۇرئاندۇر›[1] دېدى».

فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىدا تەكرارلىنىدۇ ۋە دۇئالاردا ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. مەنىسى ئېتىبارى بىلەن فاتىھە سۈرىسى ئەڭ كاتتا دۇئا ۋە مۇناجاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: {قَالَ اللهُ تَعَالَى: قَسَمْتُ الصَّلاَةَ بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي نِصْفَيْنِ. وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ الْعَبْدُ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ قَالَ اللهُ تَعَالَى: حَمِدَنِي عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ قَالَ اللهُ تَعَالَى: أَثْنَىٰ عَلَيَّ عَبْدِي. وَإِذَا قَالَ: ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ قَالَ: مَجَّدَنِي عَبْدِي (وَقَالَ مَرَّةً: فَوَّضَ إِلَيَّ عَبْدِي) فَإِذَا قَالَ: ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ قَالَ: هٰذَا بَيْنِي وَبَيْنَ عَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ. فَإِذَا قَالَ: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ قَالَ: {هٰذَا لِعَبْدِي وَلِعَبْدِي مَا سَأَلَ} يەنى «ئاللاھ ‹نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم. بەندەم ئۆچۈن سورىغىنىنى بېرىمەن› دېدى. بەندە (فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلاپ) ﴿اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنى ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ ‹بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى› دەيدۇ. ئۇ ﴿الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يەنى ﴿ئۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بەندەم مېنى ماختىدى› دەيدۇ. ئۇ ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ يەنى ﴿ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى› دەيدۇ. ئۇ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ يەنى: ﴿ئى ئاللاھ! ساڭىلا قۇلچىلىق قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بۇ مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۈچۈن سورىغىنى بار› دەيدۇ. ئۇ ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ﴾ يەنى: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، سەن ئىنئام قىلغان، غەزەپكە ئۇچرىمىغان ۋە (توغرا يولدىن) ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېگەندە، ئاللاھ: ‹بەندەمنىڭ بۇ تىلىكىنى قوبۇل قىلدىم. بەندەمگە تىلىگىنىنى بېرىمەن› دەيدۇ»[3].

ئاللاھ تائالا بۇ ھەدىس قۇدسىيدىكى «نامازنى مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىگە بۆلدۈم» دېگەن سۆزىدە، فاتىھە سۈرىسىنى فاتىھە سۈرىسى دېمەستىن، ناماز دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، فاتىھە سۈرىسى نامازنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رۇكنىدۇر.

قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بىردىنبىر ھىدايەت مەنبەئى بولسا، فاتىھە سۈرىسى ئۇنىڭ نېگىزىدۇر. شۇڭا ئۇ «ئانا كىتاب» دەپ ئاتالغان.

## فاتىھە سۈرىسى

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (1) الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ (2) الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (3) مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ (4) إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ (5) اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ (6) صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ (7)

تەرجىمىسى: 1 ـ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

2- جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر. 3- ئۇ شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. 4- ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. 5- (ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت[1] قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز. 6- بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. 7- سەن ئىنئام قىلغان، غەزەپكە ئۇچرىمىغان ۋە (توغرا يولدىن) ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا (باشلىغىن).

## تەپسىرى

فاتىھە سۈرىسى باشتىن ئاخىر تەلىمات ۋە كۆرسەتمە بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ﴿**بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ**﴾ «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» بىلەن باشلاش ئارقىلىق بىزگە دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش بىلەن باشلاشنىڭ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئالەملەرنىڭ يېگانە ئىگىسى ۋە رەببى، بەندىلىرىگە چەكسىز مېھىر - شەپقەتلىك، خۇسۇسەن مۇئمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىبان، قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق ئادالەتلىك ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بارچە ماختاش ۋە مەدھىيەلەرنىڭ ئۇنىڭغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمدۇسانا ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتكەن.

ئاندىن يۇقىرىقى كاتتا سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئۇلۇغ زات قۇلچىلىق قىلىنىشقا ۋە ياردەم سورۇلۇشقا تامامەن ھەقلىق بولغان بىرلا ئىلاھ بولغانلىقتىن، ئىبادەتنى ۋە بارچە قۇلچىلىقنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، مەدەت ۋە ياردەمنى ئۇنىڭدىنلا سوراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، شۇنداقلا بىزنى ئۆزىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان يەھۇدىيلارنىڭ ۋە توغرا يولدىن ئازغان خىرىستىيانلارنىڭ قىڭغىر يولىغا ئەمەس، ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۇلگىلىك بەندىلەرنىڭ ۋە شەھىدلەرنىڭ يولىغا باشلىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىدىن تىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگەتكەن.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم سەييىد قۇتۇب **«في ظلال القران»** (قۇرئان سايىسىدا) ناملىق تەپسىرىدە فاتىھە سۈرىسى توغرۇلۇق توختىلىپ، مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشى بۇ لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول سۈرىنى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىدىلا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرار ئوقۇيدۇ، سۈننەتلىرى بىلەن قوشقاندا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم تەكرارلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك دۇئالىرىدىمۇ شۇنداق كۆپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ›[2] دېگەنلىكىگە ئاساسەن، نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش پەرزدۇر. بۇ سۈرە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ، ئىسلامي تەسەۋۋۇرنىڭ، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ نامازنىڭ ھەربىر رەكئىتىدە تەكرارلىنىشقا تاللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭسىز ناماز ئادا تاپمايدىغانلىقىدا ئەلۋەتتە ھېكمەت بار»[3].

فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماستىن ناماز ئادا بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، فۇقەھالار (ئىسلام فىقھشۇناس

(1) ئىبادەت - ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەندىچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) «في ظلال القرآن» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكى
www.uyghurkitap.com

ئالىملىرى) ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىنىڭ قارىشىدا، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماستىن ھېچبىر ناماز ئادا تاپمايدۇ. ئەمما ھەنەفىي، سەۋرى مەزھەپلىرىنىڭ كۆزقارىشىچە، نامازدا قىسقا ئايەتلەردىن ئۈچ ئايەت مىقدارىدا ياكى ئۇزۇن ئايەتلەردىن بىر ئايەت ئوقۇش پەرزدۇر، ئەمما فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش بولسا ۋاجىپتۇر. شۇڭا بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ قارىشىدا، نامازدا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿**فَاقْرَءُوا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْآنِ**﴾ يەنى قۇرئاندىن ئوڭاي بولغانىنى ئوقۇڭلار[1] دەپ بۇيرۇغان. يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپكە كۆرە، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. بۇ مەسىلىدە، يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ قارىشى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ھەدىس بۇنى پەرز قىلىدۇ.

فاتىھە سۈرىسى ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ نېگىزىنى، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى ۋە ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇش پرىنسىپىنى، شۇنداقلا دۇئانىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە بولۇپ، نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە بۇ سۈرىنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ مۇشۇ ھېكمەتكە ئاساسەن يولغا قويۇلغان. «قۇرئان كەرىم» نىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ سۈرە ﴿**بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ**﴾ بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىشتىكى تولىمۇ گۈزەل ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبىدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر مەۋجۇداتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىدىن ئىبارەت ئىسىل سۈپىتى ئارقىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەر قانداق باشلىنىش ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدۇ، كائىناتتىكى ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. فۇقەھالارنىڭ كۆپ سانلىقى دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق بىر ئىشنى ﴿**بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ**﴾ باشلاش كېرەكلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ **بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ** دېگەن ئايەتتىكى بۇ ئىككى سۈپىتى پۈتكۈل شەپقەت ۋە رەھمەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈپەتلەردۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇختار شىنقىتى «**أضواء البيان في إيضاح القرآن**» ناملىق مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ**﴾ دېگەن ئىككى سۈپەت ئاللاھ تائالانىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىدىن بولغىنىدەك، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن سانىلىدۇ. بۇ ئىككى سۈپەت «**الرحمة**» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تائالا چەكسىز رەھىم- شەپقىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿**الرَّحْمَنِ**﴾ دېگەن سۈپەت ﴿**الرَّحِيمِ**﴾ دېگەن سۈپەتكە نىسبەتەن ئومۇملىقنى ئىپادىلەيدىغان ۋە شەپقەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۈپەتتۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ﴿**الرَّحْمَنِ**﴾ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا بارلىق مەخلۇقاتقا رەھىم - شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى، ﴿**الرَّحِيمِ**﴾ ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرەتتە مۆمىنلەرگىلا رەھىم - شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەردۇر، دەپ قارايدۇ»[2].

﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**﴾ دېگەن بۇ بارلىق

(1) مۇززەممل سۈرىسى20-ئايەت.

(2) «أضواء البيان في إيضاح القرآن» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

مەدھىيە ۋە ماختاشلار، جىمى شۈكۈر ۋە تەشەككۈرلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ مۇكەممەل مەدھىيە بىلەن سەمىمىي شۈكۈرگە لايىق زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئايەتتۇر.

﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلسۇن ياكى تۇزكورلۇق قىلىپ شۈكۈر قىلمىسۇن، بارلىق مەدھىيە ۋە شۈكۈر ئاللاھ تائالاغا خاس دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ يەنى ﴿بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن﴾ دېگەنگە ئوخشاش.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: خالىس شۈكۈر پەقەتلا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرى، ئىنئاملىرى، ئىنسان ئەزالىرىنى ئۇنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىغا يارامىلىق قىلىپ ياراتقانلىقى، ئىنسانغا رىزىق ئىشىكلىرىنى ئاچقانلىقى، ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلىمىغان يەرلەردىن بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى قاتارلىق ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۇنىڭغا سانسىزلىغان شۈكۈرلەرنى ئېيتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ بارلىق نېمەتلىرى ئۈچۈن مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇن!

ھەكەم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ دېگەن ۋاقتىڭدا، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان بولىسەن ۋە ئاللاھ ساڭا تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ دېگەنلىك ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان»[1].

دېمەك، «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سورالغاندا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاللاھقا شۈكۈر» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قىسمەن ئورۇندايدۇ. ئەرەبلەر «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سورالغاندا ﴿**الْحَمْدُ لِلَّهِ**﴾ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

﴿**الْحَمْدُ**﴾ بىلەن «**الشكر**» دېگەن ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا مۇتلەقلىق ۋە خاسلىق پەرقى بار. چۈنكى تەشەككۈر ۋە رەھمەت بىراۋنىڭ مەلۇم ياخشىلىقى بەدىلىگە ئېيتىلىدىغان ۋاپا بۇرچى بولسا، ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئېيتىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىنسانىي ۋە دىنىي بۇرچتۇر. شۇڭا ھەمدۇسانا شۈكۈردىن چوڭدۇر. چۈنكى شۈكۈر ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئىنئاملىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان رەھمەت سۆزى بولسا، ھەمدۇسانا ئاللاھ

(1) «تفسير الطبري» 1_ 135_ بەت.

www.uyghurkitap.com

تائالانىڭ بىزگە بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن جىمى ئىنئاملىرى ۋە ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان دىنىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيەتتۇر.

﴿رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى رەببى دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئالەم - ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆز بولۇپ، ھەربىر مەۋجۇدات تۈرى بىر ئالەمدۇر. مەسىلەن: ئىنسانلار ئالىمى، پەرىشتىلەر ئالىمى، جىنلار ئالىمى، ھايۋاناتلار ئالىمى، ئۆسۈملۈكلەر ئالىمى، جانسىزلار مەۋجۇداتلار ئالىمى قاتارلىق بارلىق ئالەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالەم دېگەن سۆز كۆپلىگەن ئايەتلەردە مۇشۇ مەنەدە كەلگەن.

﴿الْمَالِكُ﴾ دېگەن سۆز لۇغەتتە ئىگە، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ﴿مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿مَالِكِ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يېگانە پادىشاھلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ يېگانە، تەڭداشسىز پادىشاھ بولسىمۇ، بۇ ئايەتتە ئۇ قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقى، ئادالىتى، ھېكمىتى تولۇق ۋە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى بىلەن پۇقرالىرى، كۈچلۈكلىرى بىلەن ئاجىزلىرى ئوخشاش مەرتىۋىدە بولۇپ قالىدىغان كۈندۇر.

ئەرەب تىلىدىكى «العبادة» يەنى «ئىبادەت» دېگەن سۆز لۇغەت ئېتىبارى بىلەن: بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە[1]، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ئىبادەت ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسىمدۇر[2]. ئىبادەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىنىدۇ. بۇ تەرىپكە ئاساسلانغاندا، «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئىبادەتنى ئىسلامدا ۋاقتى، كەيپىيتى بەلگىلەنگەن ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگىلا قىسقارتىپ قويغاندا، ئىسلامدا كۆزدە تۇتۇلغان ئىبادەتنىڭ مەنىسى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقماي قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلار مەزكۇر ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە كەلگەن: ﴿اعْبُدُوا رَبَّكُمُ﴾ يەنى «رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئۇدۇللاپ، ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە تەلەپ قىلغىنى بويىچە ياشاڭلار دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى بولۇپ، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش دېگەنگە ئوخشىغان ئىبادەتلەر بىز تەرىپلىگەن ئومۇمىي ئىبادەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىسقىسى، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياشىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

(1) «لىسانۇل ئەرەب» 5-توم، 2776- بەت.

(2) شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«ئەل ئۇبۇدىيە» ناملىق ئەسىرى 1 ـ بەت.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1]. دېمەك، «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ۋە كەڭدۇر. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ئىبادەت» دېگەن سۆز ھەممىمىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات، ھەج- ئۆمرە، قۇرئان ئوقۇش، سەدىقە بېرىش قاتارلىق شۇ ساناقلىق ئىبادەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالغان. ھالبۇكى، ئىبادەت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**«الاستعانة»** دېگەن سۆز لۇغەتتە ياردەم سوراش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئىسلام دىنى ئاتالغۇسىدا ياخشىلىققا ئېرىشىش، زىياندىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش قاتارلىق دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**﴾ دېگەن ئايەت

﴿**إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿**وَإِيَّاكَ**﴾ دېگەن سۆز خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ﴿**وَإِيَّاكَ**﴾ بىلەن ﴿**نَسْتَعِينُ**﴾ نىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى قۇلچىلىقنى ۋە بارلىق ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قىلىمىز، ھەرقانداق ياردەم ۋە مەدەتنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا سوراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تايانىمىز، دېگەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

﴿**اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ**﴾ دېگەن ئايەت ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ كاتتا دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت بولۇپ، دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئىچىدە توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشتىن كاتتا نېمەت يوقتۇر. چۈنكى توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كاپالەتكە ئېلىنغان بولىدۇ.

شەكسىزكى، توغرا يول ئاللاھ تائالانىڭ يولى بولغان ئىسلام يولى بولۇپ، ئۇ «سىراتۇل مۇستەقىم» دەپ ئاتىلىدۇ. سىراتۇل مۇستەقىم بىزنى بۇ دۇنيادا بەختلىك ھاياتقا، ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى مۇنداق دېگەن: «ھىدايەت ئومۇم ۋە خاسلىق ئېتىبارى بىلەن **«هداية دلالة وهداية معونة»** يەنى (يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت ۋە ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي ھىدايەت بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىغا قىلغان دەۋىتىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئىنسان- لارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى،

---

(1) دوكتۇر يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» ناملىق ئەسىرىدىن.

ئۇلارغا نىمىنىڭ توغرا، نىمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتەر بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولنى ئېنىق بايان قىلىپ كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى شۇ يولغا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بۇ دەقەتنى قوبۇل قىلىپ ھەق يولغا ئەگەشكەن بولسا، يەنە بەزىسى بۇ ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، ئازغۇنلىقتا قېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى. ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر «مۇئمىن» دەپ ئاتالدى، بۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلماي، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلار «كاپىر» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇئمىن»، «كاپىر»دىن ئىبارەت ئىككى پىرقە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھىدايەتنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَى عَلَى الْهُدَى فَأَخَذَتْهُمْ صَاعِقَةُ الْعَذَابِ الْهُونِ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ**﴾ يەنى ﴿سەمۇد (قەۋمى) گە كەلسەك، ئۇلار توغرا يولنى كۆرسەتكەن ئىدۇق، ئەمما ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى (ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرىنى كۆرمەسلىكنى) ئارتۇق بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى﴾[1].

ياردەم قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت مۇئمىنلەرگىلا خاس ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەق دىنغا ھىدايەت تاپقان مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىپ ئۇلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ، تەقۋالىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ**﴾ يەنى ﴿ھىدايەت تاپقانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ھىدايەتنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەقۋالىقىنى ئاشۇرىدۇ﴾[2]»[3]

ھىدايەت ماھىيىتى جەھەتتىن يەنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى «**هداية توفيق**» يەنى (توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت)، يەنە بىرى، «**هداية إرشاد**» يەنى (توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش مەنىسىدىكى ھىدايەت)دۇر.

توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولغان ھىدايەت بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ**﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) شۈبھىسىزكى، سەن ياخشى كۆرگەن ھەركىمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، پەقەت ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. (چۈنكى) ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[4].

ئەمما توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش

(1) سۈرە فۇسسىلەت:17_ ئايەت.

(2) سۈرە مۇھەممەد :17_ ئايەت.

(3) «تفسير شعراوي» فاتىھە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى.

(4) سۈرە قەسەس :56_ ئايەت.

مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىشتىن ئىبارەت بولغان ھىدايىتى بولۇپ، بۇ ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدىن كەلگەندەك، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تۈردىكى ھىدايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ**﴾ يەنى ﴿شەك - شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾(1).

﴿**اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ھىدايەتتىن پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ قولىدىن كېلىدىغان توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش مەنىسىدىكى ھىدايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىگە دەپ دۇئا قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە مۇۋەپپەق قىلالمايدۇ.

﴿**صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭ: ﴿**وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا**﴾ يەنى كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار! (2).

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامىغا سازاۋەر بولغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلاردۇر.

﴿**غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ**﴾ دېگەن ئايەتتىكى غەزەپ قىلىنغانلار يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھەق دىننى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ۋە غەزىپىگە تېگىشلىك بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

توغرا يولدىن ئازغانلار خرىستىيانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن ئادىشىپ، خاتا يولغا كىرىپ قالغان ۋە شۇ خاتا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

﴿**اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ .صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ**﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى: ئى رەببىمىز! سەن بىزنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان، قىڭغىرلىق بولمىغان، تۈپتۈز، داغدام يولغا - سېنىڭ ئىنئامىڭغا ئېرىشكەن، غەزىپىڭگە ئۇچرىمىغان، سېنىڭ يولۇڭدىن ئازمىغان كىشىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن، بىزنىڭ ئاشۇ داغدام يولدا ئىزچىل مېڭىشىمىز ئۈچۈن، بىزگە ياردەم قىلغىن، مەدەت بەرگىن، دېگەنلىكتۇر.

## بۇ ئايەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبى

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش، رەھىم - شەپقەت

(1) سۈرە شۇرا :52_ ئايەت.
(2) سۈرە نسا :69_ ئايەت.

قاتارلىقلار ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى ۋە ئازابى قاتارلىقلار ئاللاھ تائالاغا بىۋاسىتە مەنسۇپ قىلىنماستىن، مەجھۇل ھالىتىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ‹قۇرئان كەرىم› ئايەتلىرىدىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، ئېھتىرامنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن: ﴿**اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ . صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ**﴾ دېگەن ئايەتتە "**أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ**" يەنى سەن ئىنئام قىلغان كىشىلەر دېيىش ئارقىلىق ئىنئامنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغانغا، "**الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ**" يەنى غەزەپكە ئۇچرىغانلار دېيىش ئارقىلىق غەزەپنى بىۋاسىتە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلمىغانغا ئوخشاش.

بۇنىڭ ئوخشىشى ﴿**الَّذِي خَلَقَنِي فَهُوَ يَهْدِينِ. وَالَّذِي هُوَ يُطْعِمُنِي وَيَسْقِينِ. وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ**﴾ يەنى مېنى ياراتقان، ماڭا توغرا يولنى كۆرسەتكەن زات - شۇدۇر. ماڭا يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن زاتمۇ شۇدۇر. ئاغرىپ قالسام مېنى ساقايتىدىغان زاتمۇ شۇدۇر [1] دېگەن ئايەتلەر بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەردە، يارىتىش، يول كۆرسىتىش، يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈش ۋە كېسەلدىن ساقايتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلغان، ئەمما كېسەللىكنى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلماستىن، ئۆزى مەنسۇپ قىلغان. شۇڭا، «مېنى كېسەل قىلغان» دېمەستىن، «ئاغرىپ قالسام» دېگەن. ھالبۇكى كېسەلنى سالغۇچىمۇ ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭدىن شىپالىق بەرگۈچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

﴿**نَعْبُدُ**﴾، ﴿**نَسْتَعِينُ**﴾، ﴿**اهْدِنَا**﴾ دېگەن ئايەتلەردىكى پېئىللەرنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن ئەمەس، كۆپلۈك شەكلى بىلەن كەلگەنلىكىنىڭ كۆپلىگەن ھېكمەتلىرى باردۇر. ئەمما بىز شۇنى دېيەلەيمىزكى، بۇ مۇسۇلمانلارغا شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىش، ھەممىگە ياخشىلىق تىلەش ۋە ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتا ھەممە باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن دۇئالارنىڭ كۆپلىگەن كۆپلۈك نامىدىن كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەنلىكىدىمۇ مۇشۇ ھېكمەت كۆزدە تۇتۇلغان دېسەك خاتا بولماس. ﴿**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**﴾

يەنى ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن[2] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى.

شەكسىزكى، بۇ خىل ئۇسۇل مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىز يالغۇز ئەمەسلىكىنى، بارلىق ئىسلام ئەھلىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتا، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشتا ۋە ئۇنىڭدىن توغرا يولغا ھىدايەت قىلىشنى تىلەشتە بىر گەۋدىگە ئوخشاش بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىلا ئويلىماي، بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى،

(1) سۈرە شۇئەرا: 78- ئايەت.

(2) سۈرە بەقەرە: 201- ئايەت.

ھەممە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق تىلىشى كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

## «ئامىين» دېيىشنىڭ ھۆكمى

فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن ئېيتىلىدىغان «**آمين**» (ئامىين) دېگەن سۆز فاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ئايەت ئەمەس، پەقەتلا دۇئادۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «ئى رەببىم! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن» دېگەنلىكتۇر. فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىين» دېيىش سۈننەتتۇر. نامازدا ئىمام ۋە جامائەت ھەممىسىنىڭ «ئامىين» دېيىشى سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمام ﴿ئامىين﴾ دېگەندە سىلەرمۇ ﴿ئامىين﴾ دەڭلار. بىراۋنىڭ ﴿ئامىين﴾ دېگىنى پەرىشتىلەرنىڭ ﴿ئامىين﴾ دېگىنىگە ئۇدۇل كېلىپلا قالسا، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە ئىبنى باز[2] مۇنداق دېگەن: «مەيلى نامازدا بولسۇن، ياكى ناماز سىرتىدا بولسۇن، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغان كىشىنىڭ «ئامىين» دېيىشى سۈننەتتۇر. ناۋادا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ «ئامىين» دېمىسە گۇناھ بولمايدۇ. ناۋادا ئىمام ياكى جامائەت نامازدا فاتىھە سۈرىسىدىن كېيىن «ئامىين» دېمىسە، ئۇلارنىڭ نامىزىغا نۇقسان يەتمەيدۇ ۋە ئۇلارغا گۇناھمۇ بولمايدۇ»[3].

## «ئامىين»نى ئۈنلۈك دېيىش ئەۋزەلمۇ ياكى ئىچىدە دېيىشمۇ؟

ئەمدى «ئامىين»نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش مەسىلىسىگە كەلسەك، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە ۋە بەزى مالىكىي ئۆلىمالىرى ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش سۈننەت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دەيتتى»[4] دېگەن ھەدىستۇر. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ھەدىسقا ئاساسلىنىپ، ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دېيىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ.

ئەمما ھەنەفىي مەزھىپى ۋە بەزى ۋە مالىكىي ئۆلىمالىرى ﴿ئامىين﴾ نى مەخپىي دېيىشنى سۈننەت دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى دەلىلى شۇكى: ﴿ئامىين﴾ دېگەن دۇئادۇر. دۇئانى ئاشكارا قىلغاندىن مەخپىي قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: **﴿ادْعُوا رَبَّكُمْ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً﴾** يەنى ﴿رەببىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار﴾[5] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن[6] نامازدا ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دېيىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دېيىش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈنلۈك دېگەنلىكى، ھەتتا جامائەتنىڭ ئۈنلۈك دېگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. ئەمما بۇ مەسىلە مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدا جېدەل- ماجىراغا ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىككە سەۋەب

(1) ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام نەسائى ۋە دارمى رىۋايىتى.
(2) ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى باز ( 1910- 1999) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇفتىسى.
(3) «ئىبنى باز پەتىۋالىرى»دىن.
(4) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(5) ئەئراف سۈرىسى: 55- ئايەت.
(6) ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن(1929- 2001م) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرىدۇر.

بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مۇنداق قىلىش سەلەف سالىھ (ھىجرىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرىگىچە ئۆتكەن ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار)نىڭ يولىغا توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشاتتى، ئەمما قارشى تەرەپنى ئازغۇنلۇققا چىقىرىۋەتمەيتتى»[1].

ئەللامە ئىبنى باز نامازدا ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دېمىسىمۇ ۋە نامازنى باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى قولنى كۆتۈرمىسىمۇ بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەلۋەتتە بولىدۇ، خۇسۇسەن، ﴿ئامىين﴾ نى ئۈنلۈك دېمەيدىغان ۋە نامازنى باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەردە ئىككى قولنى كۆتۈرمەيدىغان كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇغاندا، ئۇلارغا مۇۋاپىقلىشىپ ﴿ئامىين﴾ نى ئىچىدە دېيىش ۋە مەزكۇر تەكبىرلەردە قولىنى كوتۇرمىسلىك لازىم. چۈنكى ﴿ئامىين﴾نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزىدە ﴿ئامىين﴾نى ئۈنلۈك دېگەنلىكى، بەزىدە ئاۋازىنى كۆتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. بىز ﴿ئامىين﴾نى ئۈنلۈك دېيىش كېرەك دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پەقەتلا بىر مۇستەھەب[2] ئەمەلدۇر. مۇستەھەب ئەمەل مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈشكە، جېدەل- ماجىراغا ۋە پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇنداق مۇستەھەب ئەمەلنى قىلماسلىق لازىم. مۇستەھەب ئەمەلنى تەرك ئەتسە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە تەرك ئېتىش لازىم.

(1) «ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى» 13- توم، 140- بەت.

(2) مۇستەھەب - پەرز ياكى سۈننەت ئەمەس، پەقەت قىلسا ساۋاب بولىدىغان ئەمەل دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى يىقىتىپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ھالىتى بويىچە قايتا بىنا قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەسىرى ياخشى بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ بۇ پىكرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر. چۈنكى قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر ئىسلامنى ئەمدىلا قوبۇل قىلغان كىشىلەر ئىدى»[3].

## كۆرسەتمىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مەدھىيەلىگەن ۋە بەندىلىرىنى ئۆزىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا چاقىرغان. ھەقىقەتەن مەدھىيەلەشكە ۋە ماختاشقا ئەڭ لايىق زات -- ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئالەملەرنىڭ رەببىدۇر.


2. فاتىھە سۈرىسى مۇسۇلمانلارغا دۇئانىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، دۇئا قىلماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن مەدەت سورىماسلىق ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقىدۇر.

4. ياخشىلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئازغۇنلارنىڭ يولىدىن يىراق بولۇش مۇسۇلمان كىشىنىڭ تىلىكى ۋە ئەخلاقىدۇر[4].

(3) «ئىبنى باز پەتىۋالىرى»دىن.

(4) نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان «تەپسىر جەۋھەرلىرى» ناملىق تەپسىردىن ئېلىندى.



# ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە چۈشەنچە

دوتسېنت دوكتور كەمال باتاك

## ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئۇقۇمى

ئىسلام پەلسەپىسى ئاتالغۇسىدىن ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە بۇ ئەللەردە ياشاپ ئۆتكەن باشقا پەيلاسوپلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى پىكىر - تەپەككۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى ئىلىپ كەلگەن قىممەت ئۆلچەملىرى ۋە دۇنيا قارىشى جەھەتتىن ئۇنىڭ بۇ پەلسەپىۋى ئەنئەنىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى ناھايىتى زوردۇر.

ئىسلام پەلسەپىسى ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىش جەريانىدا بىرقاتار مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان. ئاتالغۇلار بۇ شەكىلدە ئىشلىتىلگەندە «ئىسلامنىڭ پەلسەپىۋى ئانالىزىنى پەقەت تار ئۇقۇمغىلا مەھكۇم قىلىپ قويۇش» دېگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئاتالغۇ تار ۋە يەرلىك مەنىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن خاتا بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە توختىلىپ ئۆتىدىغىنىمىزدەك، تارىخىي تەجرىبىمىز جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، پەلسەپە ئەنئەنىسى ئىسلام دۇنياسىدا پەقەت ئىسلامنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىنىڭ ئانالىز قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. ئىسلام دۇنياسىدا پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنى «فەلاسىفە» ياكى «ھۆكۇما» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەلسەپە ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ھەقىقەت ئىزدىنىشى بولۇپ، ئۇلارمۇ شۇ ھەقىقەت يولىدا ئىزدەنگۈچىلەر ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ھەمىشە پەلسەپىنىڭ بىر گەۋدىلىك، ئىزچىللىق ۋە ئالەمشۇمۇللۇق تەرەپلىرىگە ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار بايقىغان پەلسەپىۋى بىلىم بايلىقلىرىمۇ پۈتكۈل دۇنياغا خىتاب قىلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام پەلسەپىسى ئاتالغۇسىنىڭ بېشىدىكى «ئىسلام» ئىبارىسىنى چەكلىك ۋە يەرلىك مەنىدە چۈشىنىۋالماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنى «مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەنبەلىرىگە ئاساسلانمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ھەممىشە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن ئوزۇقلانغان. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئالەمشۇمۇل بىلىم مەنبەلىرىنىمۇ تەتقىق قىلغان ھەم ئالەمشۇمۇل نىشانلارغا يېتىش يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، «ئىسلام پەلسەپىسى» دەپ ئاتالغان تارىخىي باسقۇچ، پەلسەپە ئىسلام ئەللىرىدە باشتىن كەچۈرگەن باسقۇچتىن ئوزۇقلانغان ۋە ئوزۇقلانماقتا. ئىسلام پەلسەپىسى بىر تەسەۋۋۇر ۋە پەلسەپە بولۇشى جەھەتتىن باشقا پەلسەپىلەردىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. يەنى يۇنان پەلسەپىسى، ھىندى پەلسەپىسى، گېرمان پەلسەپىسى، زامانىۋى پەلسەپە ئاتالغۇلىرىدىكى پەلسەپە نېمىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئىسلام پەلسەپىسىمۇ شۇنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «تەسەۋۋۇر» ۋە «پەلسەپە» دەپ ئاتىلىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرقنىڭ بولماسلىقى، ھەرگىزمۇ «ئۆز ئىچىدە ئۆزگىچىلىك، ئۆزىگە خاس تەرەپلىرى يوق» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەيدۇ. دەل ئەكسىچە، ئىسلام پەلسەپىسى پەلسەپە بولۇش جەھەتتىن باشقا پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇر ئاتالغۇلىرىدا بولمىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر ۋە بايلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەلسەپىنىڭ تەتقىق قىلىنغان تېمىلىرىغا نەزەر تاشلىغاندىمۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ پەيغەمبەرلىك، ۋەھيي، مېتافىزىكىلىق مەلۇماتلار دائىرىسىدىكى ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ دىنىي قىممەت ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە ئانالىز قىلىنىشى، بۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ بىلىنىدىغىنىدۇر. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەر ھەققىدە باشقا بۆلۈملەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ يەردە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردىن يەنە بىرى، «ئىسلام پەلسەپىسى» ئاتالغۇسىنىڭ نېمىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدۇر. خۇددى يۇنان پەلسەپىسى ۋە خىتاي پەلسەپىسى قاتارلىقلاردا كۆزگە چېلىقىدىغىنىدەك، پەلسەپىۋى تارىخىي ئەسەرلەرگىمۇ، پەلسەپىلەرگىمۇ پەيلاسوپلار ياشاپ ئۆتكەن جۇغراپىيەلىك رايونلارغا ئاساسەن نام بېرىلىدۇ. ياكى يەھۇدىي پەلسەپىسى، خىرىستىيان پەلسەپىسى، بۇددىست پەلسەپىسى ئۆرنەكلىرىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنىدەك، پەلسەپەلەشتۈرۈلگەن كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا ئىسىم قويۇلىدۇ. ۋەياكى ئەپلاتون پەلسەپىسى، ئارىستو پەلسەپىسى، ئىبنى سىنا پەلسەپىسى ئۆرنەكلىرىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنىدەك، بىر پەيلاسوپ تېما قىلىنغان ھالدا ئىسىم قويۇلىدۇ.

ئىسلام پەلسەپىسى ئاتالغۇسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئېنىقلىما ئىسلام دۆلىتىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە مۇسۇلمان بولغان پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئىسلام» بىلەن پەلسەپىنىڭ يانمۇيان ئىشلىتىلىشى، «ئىسلامدىمۇ پەلسەپە بولامدۇ؟»

ياكى «ئىسلامنىڭمۇ پەلسەپىسى بارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللار ۋە تەنقىدلەرنى كۈنتەرتىبكە ئېلىپ كەلمەكتە. ئىسلام پەلسەپىسى ئاتالغۇسىدىكى ئىسلامدىن ھەرگىزمۇ تار مەنىدىكى دىن كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى پەلسەپە ئەمەستۇر. قانداقتۇر بىر ئىنساننىڭ ياكى بىر گۇرۇپپىنىڭ چۈشەنچىسى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر دىنمۇ ئەمەس. ئىسلام پەلسەپىسى تەبىرىدىكى ئىسلامدىن، بۇ تەرزدىكى تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىغا چىقارغان مەدەنىيەت ۋە كۇلتۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى پەلسەپە نېمىگە ۋە كىمگە ئائىت ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان بىر سۈپەت سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«ئىسلام پەلسەپىسى» ئاتالغۇسى ئىسلام مەپكۇرىسىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەنبەلەردە ئىستېمال قىلىنغان ئەمەس. كىلاسسىك ئەسەرلەردە پەلسەپە ۋە ھېكمەت ئاتالغۇلىرى ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىنغان بولۇشىغا قارىماي، «ئىسلام پەلسەپىسى» ئاتالغۇسى 19 - ئەسىرگىچە ھېچ ئىستېمال قىلىنمىغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن شەرقشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر ئاتالغۇغا ئايلانغان. ئادەتتە «ئىسلام پەلسەپىسى» تەرىقىسىدە ئىستېمال قىلىنسىمۇ، ئەمما ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە پەلسەپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ھەر خىل شەكىلدە ئىستېمال قىلىنغان. مەسىلەن، «ئەرەب پەلسەپىسى»، «ئىسلامدىكى پەلسەپە»، «مۇسۇلمانلار پەلسەپىسى» دېگەندەك. «ئەرەب پەلسەپىسى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ئىسلام دۇنياسىدا ياشاپ ئۆتكەن، ئەمما ئەرەبچە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازغان ناھايىتى كۆپ پەيلاسوپ بار. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان پەيلاسوپ ۋە پەلسەپىلەرنى ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئانالىز قىلىش كېرەك. چۈنكى بۇ پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا يازغان ئەسەرلىرى ۋە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پەلسەپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكىنىدەك، ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى ۋە تەنقىدلەرگە بەرگەن جاۋابلىرى بىلەنمۇ ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمان بولمىسىمۇ ئەرەبچە ئەسەرلىرى تۈپەيلى بۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئېنىقلىمىنىڭ ئەرەب پەلسەپىسى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇنداق بىر ئىبارىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا، مىللەتچىلىك تۇيغۇسىدۇر. چۈنكى ئەرەب مىللەتچىلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇئەللىپلەر بۇ شەكىلدە ئىستېمال قىلىنىشىنى ئەۋزەل دەپ قارايدۇ.

بۇنداق نام بېرىشكە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلار «ئىسلام پەلسەپىسى» ياكى «مۇسۇلمانلار پەلسەپىسى» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ قارىشىچە، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىڭ قايسى تىلدا يېزىلىشى مۇھىم ئەمەس. چۈنكى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى ئەسەرلەر پەقەت ئەرەب تىلىدىلا ئەمەس، پارس، تۈرك، ئوردو قاتارلىق تىللاردىمۇ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە، ئىسلام دۇنياسىدا يېتىلگەن پەيلاسوپلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغان بولسىمۇ، ئەمما ئەرەب ئىرقىدىن ئەمەستۇر. جۈملىدىن «ئەرەب پەلسەپىسى» ئاتالغۇسى بولغان «ئەفرادىنى جامى»، «ئاغيارىنى مانى» ھېچقانداق مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۆز ئىچىگە ئالغان خۇسۇسلار بىلەن سىرتىدا قالدۇرغان تېمىلار نەزەرگە ئېلىنغىنىدا، «ئەرەب پەلسەپىسى» ئاتالغۇسى ئىسلام دۇنياسىدىكى پەلسەپىۋى تەلىماتنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ.

ئىسلام دۇنياسىدىكى پەلسەپىۋى ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئەڭ ئۇيغۇن ئىستېمال شەكلى بولسا «ئىسلام پەلسەپىسى» دۇر. بۇ ئاتالغۇ ئىسلام دۇنياسىدا يېتىشىپ چىققان ئەرەب، پارىس، تۈرك ۋە باشقا ھەر خىل ئىرق ۋە مىللەتكە مەنسۇپ بارلىق پەيلاسوپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ۋە باشقا ئوخشىمىغان تىللاردا يېزىلغان بارلىق پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شەكىلدە ئىستېمال قىلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان يەنە بىر ئامىل بولسا، كىلاسسىك تەسەۋۋۇر تارىخچىلىرىدىن ئىبنى ئۇسەيبە، بەيھەقى ۋە شەھرىستانىنىڭ پەيلاسوپلارنى سۈپەتلەش ئۈچۈن «ئەلفەلاسىفەتۇل ئىسلامىيۇن» ۋە «فەلاسىفەتۇل ئىسلام» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىدۇر. دەرۋەقە، بۇ ئاتالغۇلار «ئىسلام پەيلاسوپلىرى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ۋاستىلىك ھالدا «ئىسلام پەلسەپىسى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى نەدىم، ئەلقىفتى ۋە ئىبنى ئۇسەيبە قاتارلىق كىلاسسىك تەسەۋۋۇر تارىخچىلىرى «ئىسلام پەيلاسوپلىرى» تېمىلىق ئەسەرلىرىدە توختالغان پەيلاسوپلار كىندى، فارابى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىقلاردۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئىسلام پەلسەپىسى»نىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

كىرىش سۆز قىسمىدا تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك خۇسۇسلاردىن بىرى مۇنداق: بىز نۆۋەتتە تەتقىق قىلىۋاتقان «پەلسەپە» ئاتالغۇسى ئاساسىي جەھەتتىن پەرەز، شەخسىي قاراش، گۇمانىي قاراش ۋە تەنقىد ئۇقۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق، پەلسەپە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي ئەنئەنىلەرگە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىر ئۇقۇمغا ئىگە ئىدى. ئۇ دەۋردە پەلسەپە پۈتكۈل ئەقلىي بىلىم ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى. پەلسەپە ئاساسىي جەھەتتىن «بىلىم» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام پەلسەپە تارىخىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر بىلىم تارىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

بۇ ئۆلمەس ھەقىقەتنى پەلسەپىنى تۈرلەرگە ئايرىشتا ۋە مۇسۇلمان پەيلاسوپلار يازغان ئەسەرلەرگە نام بېرىشتە، تېمىلىرىدا، مەزمۇنلىرىدا ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردە ناھايىتى روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقتۇرىمىز.

ئىلىملەرنى تۈرلەرگە ئايرىش جەھەتتىن، پەلسەپىنىڭ ئارىستوتېلچى دىئاگراممىغا ئۇيغۇن ھالدا نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى، بولۇپمۇ نەزەرىيىۋى ئىلىملەردىن مېتافىزىكا، فىزىكا ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى؛ ئەمەلىي ئىلىملەردىنمۇ

ئەخلاق ۋە سىياسىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

شۇڭا، مۇھاكىمىمىزدە قەدىمكى دەۋردىكى پەلسەپىۋى تەجرىبىلەردىن نەقىل كەلتۈرۈش ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ سىرتىدا، پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئىسلام دۇنياسىدىكى پەلسەپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ناھايىتى مۇھىم. مۇھاكىمىمىزدە بۇ نۇقتىلارنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تىرىشىمىز. بۇ ئۆزگىرىش باسقۇچىنى چوڭقۇر چۈشىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئوقۇرمەن ياكى ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى چوقۇم «بىلىم تارىخى» غا نەزەر تاشلىشى كېرەك. يەنى ھەممىشە بۈيۈك پىراگماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئىزدىنىشتىنمۇ كۆرە، ئېنىقلىمىلاردىكى ۋە مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مېتودلىرىدىكى كىچىك ئۆزگىرىشلەرنى تارىخىي لىنىيەنى بويلاپ، سېلىشتۇرما ئاساسىدا كۆزىتىشى لازىم.

بۇ يەردە پوزىتىۋىست بىلىم تارىخى ئېڭىنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇھاكىمىمىزدە ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلار ۋە نەزەرىيەلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇقۇمى ۋە ئەھمىيىتىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈلىدۇ. چۈنكى بۇ داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

«ئىسلام پەلسەپىسى» نامى ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئىسلام مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ئەڭ مول ۋە ئەڭ كۆلەملىك ساھەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئىسلام پەلسەپىسى» نىڭ تېمىلىرى ۋە ئېنىقلىمىلىرىنى پىششىق بىلىش ھەم ئىسلام كۇلتۇرى ۋە مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ ئانالىز قىلىشتا ھەم غەرب مەدەنىيىتى ۋە كۇلتۇرىنى ھەتتا ھازىرقى زامان مەپكۇرىسىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ پەلسەپىۋى تەجرىبە ۋە مىراسنى پىششىق بىلمىگەندە، ئىسلام كۇلتۇرىنى تولۇق ئانالىز قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام پەلسەپە تارىخى كالام، فىقھىي، تەسەۋۋۇپ، تىل بىلىملىرى قاتارلىق باشقا ئىلىملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ئىلىملەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرىدىكى مەسىلىلەر ۋە ئۇلار ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېنىقلىمىلار ۋە نەزەرىيەلەر پەلسەپىۋى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىدىغان تاللاشلارنىڭ نامايەندىسىدۇر.

# ئىسلامدىكى پەلسەپە ۋە پەيلاسوپنىڭ ئۇقۇمى

پەلسەپە ئىبارىسى يۇنانچە «philosophia» ئىبارىسىنىڭ ئەرەبچىگە كىرگەن شەكلىدۇر. يۇنانچە «philo» كەلىمىسىدىكى «ph» ھەرپلىرى ئەرەب تىلىدا «ف» ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن « filo» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان؛ «sophia» ئىبارىسىمۇ ئوخشاشلا «sufa» ياكى « sufya » دەپ قوبۇل قىلىنغان.

«philosophia» ئىبارىسى يۇنان تىلىدا تۇنجى قېتىم پىساگور تەرىپىدىن «ئەقىل - پاراسەت سۆيگۈسى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. پىساگورنىڭ قارىشىچە، «sophia» ئىبارىسى ئاساسەن تەڭرىلەرگە ئائىت بىر سۈپەتتۇر. ئەقىل - پاراسەتنىڭ مۇتلەق مەنىدە بىر ئىنسان تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى

مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ ئىبنىقلىما ئىشلىتىلگەن. ئىنسان مۇتلەق ئەقىل - پاراسەت دەۋاسى قىلالمايدۇ، ئەمما مەلۇماتنى سۆيۈش، مەلۇماتقا ئىشتىياق باغلاش، ئارزۇلاش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇقۇملىرىنى چۈشىنەلەيدۇ ھەم چۈشەندۈرەلەيدۇ. جۈملىدىن پىساگورنىڭ نەزىرىدە، ئىنسان «sophist» ئەمەس، philosophia ياكى ئۆز تىلىمىزدىكى ئۇقۇمى بويىچە ئېيتقاندا، پەيلاسوپ بولىدۇ. پەلسەپە تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن ئېتىبارەن ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىنغان بۇ ئاتالغۇ ئىسلام دۇنياسىغا «پەلسەپە» دېگەن مەنىدە كىرگەن. كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلگەن. بىراق ئىبارىگە ئوخشاشلا مەزمۇنىغىمۇ يات مەدەنىيەتلەر سىڭىپ كىرگەن بولغاچقا، پەلسەپىگە قارشى تەنقىد ۋە رەددىيەلەر، ھەتتا بۇ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلارغا «كاپىر» دەپ بوھتان چاپلىنىدىغان ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ، ئوخشىمىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بېشىدا «ھېكمەت» ئىبارىسى كېلىدۇ.

ھېكمەت ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ۋە تەسەۋۋۇر تەرزى بولغان پەلسەپە بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ئىسلام پەيلاسوپلىرى بولۇپمۇ 9 - ئەسىردىن ئېتىبارەن «پەلسەپە»نىڭ ئورنىغا ئومۇمەن «ھېكمەت» ئىبارىسىنى ئىشلەتكەن. «ھېكمەت» ئىبارىسىنى تاللاش سەۋەبلىرىنىڭ بېشىدا، دىنىي تېرمىنلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئاتالغۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا قارشى بولغان پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىش، پەلسەپە دۈشمەنلىكىنى ئازايتىش چۈشەنچىسى كېلىدۇ.

«ھېكمەت» ئاتالغۇسى، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن بىر ئاتالغۇ بولغانلىقتىن، پەلسەپە ئىبارىسىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىققان نارازىلىقنى بىر تەرەپ قىلماقتا. بولۇپمۇ «ھېكمەتنى قولغا كەلتۈرۈش زىممەڭگە يۈكلەنگەن پەرزدۇر، ھېكمەتتە ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلار باردۇر» دېگەن ھەدىس ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ ئاتالغۇغا قارىتا ئىشتىياقىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان. ھېكمەت بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلارنىڭ ئىسلام بىلىملىرى كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان بارلىق پەنلەردىن مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مېتودلىرىدا بۇنى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسلام پەلسەپىسىدە پەلسەپە بىلىملىرى بىلەن، ياكى ھېكمەت بىلىملىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەر «پەيلاسوپ» ياكى «ھېكىم» دەپ ئاتىلىدۇ. پەيلاسوپ ۋە ھېكىم، «ئىلىمدە ھەقىقەتكە (كامالەتكە) يەتكەن، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ھەقىقەتنى بويلاپ ئىش قىلىدىغان كىشى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام پەلسەپىسىدە ئۆزلىرىنى بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن، ئەقلىي تەسەۋۋۇرغا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن كىندى، فارابى، ئىبنى سىنا، نەسىردىن تۇسى، ئىبنى رۇشد، ئىخۋانى سەفا، سۇھرەۋەردى ئەلمەقتۇل قاتارلىقلار «پەيلاسوپ» ياكى «ھېكىم» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھېكىم» ئىبارىسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى، «ھۆكەما» بولۇپ، «پەيلاسوپلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئىسلام مەپكۇرىسىدا «ھاكىم» ۋە «ھۆكەما» ئىبارىلىرى ھەممىشە «پەيلاسوپ» دېگەن مەنىدە كەلمەيدۇ. مەسىلەن، «ھاكىم» ئاتالغۇسى

كۆپ ھاللاردا تەلەپپۇز قىلىنغاندا يېنىكلىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، «ھېكىم» گە ئۆزگەرتىلىدۇ. بولۇپمۇ تېبابەتچىلىك ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەرنى «ھېكىم» دېيىش كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنداق ئىشلىتىش چوڭ خاتالىقمۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى كىلاسسىك دەۋر ئىلىم چۈشەنچىسىگە نەزەر تاشلىغاندا، تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ پەلسەپىۋى ئىلىملار دائىرىسىدە تەھسىل قىلىنىدىغان ئىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەقسەتكە كەلسەك، كامالىغا يەتكەن بىر پەيلاسوپ تېبابەتچىلىك ئىلمىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن، كۆپلىگەن ئەسەرلەردە «تېۋىپ» بىلەن «ھېكىم» ئاتالغۇسى يانمۇيان ئىشلىتىلەتتى. بىر كىشىنى سۈپەتلەشتە، تېۋىپ ۋە ھېكىم ئىبارىلىرى بىرلىكتە ياكى بىرى باشقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە ئىشلىتىلەتتى.

ئىسلام دۇنياسىدىكى پەلسەپە ياكى ھېكمەت ئارقىلىق نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى، ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ نېمىلىكى مەسىلىسى ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر خۇسۇستۇر.

## پەلسەپە / ھېكمەت ئاتالغۇسىنىڭ ئۇقۇمى

يۇنانچە «philosophia» ئاتالغۇسى ئىسلام دۇنياسىغا «پەلسەپە» دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ بۇ ئاتالغۇدىن قانداق ئۇقۇملارنى چىقىرىشى ۋە بۇ ئاتالغۇنى قانداق بېكىتىشى توغرۇلۇق قەدىمكى دەۋردىن تارتىپلا جىددىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. پەلسەپە ئىسلام دۇنياسىغا يۇنان پەلسەپىسىنىڭ كۆپ خىللىق ۋە رەڭگارەڭ ئالاھىدىلىكى نەتىجىسىدە كىرگەن. بۇ كۆپ خىللىقنىڭ بېشىدا پەلسەپىنىڭ ئۇقۇمى كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا پەلسەپىگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھاتلار بېرىلگەن:

1 ـ پەلسەپە بىزنى پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ھەققىدە مول مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2 ـ پەلسەپە ئىلاھىي ۋە ئىنسانىي بولغان شەيئىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتتۇر.

3 ـ پەلسەپە ئۆلۈمنى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمدىن پاناھلىق تىلەشتۇر.

4 ـ پەلسەپە چۈشەنچىسىدە، ئىنسان كۈچى يەتكەن مىقداردا تەڭرىگە ئوخشايدۇ.

5 ـ پەلسەپە سەنئەتلەرنىڭ سەركەردىسى ۋە ئىلىملەرنىڭ يول باشچىسىدۇر.

6 ـ پەلسەپە دېمەك ھېكمەتنى تاللاش دېمەكتۇر.

بۇ پەلسەپە چۈشەنچىلىرىدىن بەزىسى ئىسلام دۇنياسىدا پەيلاسوپلار تەرىپىدىن قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، كىندى «پەلسەپىنىڭ ئۇقۇمى» سۈپىتىدە زىكرى قىلىنىدىغان 6 تۈرلۈك چۈشەنچىنى «ئىنساننىڭ ئۆز كۈچى دائىرىسىدە مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشىدۇر. چۈنكى پەيلاسوپنىڭ نەزەرىيىۋى مەلۇماتتىن مەقسىتى ھەقىقەت ئۈچۈرىغا ئېرىشىش، ئەمەلىي مەلۇماتتىن مەقسىتى بولسا ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھالدا ھەرىكەت قىلىش» تەرىقىسىدە ئىزاھلايدۇ.

فارابى كىندىنىڭ قارىشىغا پۈتۈنلەي قوشۇلۇش

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسكىنلىكنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپە بىلەن گۇمانغا ئاساسلىنىدىغان پەلسەپىنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېنىق مەلۇماتقا ئاساسلىنىدىغان پەلسەپە بارلىق ئىلىملەرنىڭ ئانىسىدۇر. شۇڭا بىزنىڭ پۇتكۇل شەيئىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئۇلارنى تەتقىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز باردۇر.

ئىبنى سىنا پەلسەپىنى ئىلگىرىكى پەيلاسوپلارغا ئوخشاش شەرھلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھەقتە قوشۇمچە ئىزاھاتلارنىمۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەلسەپە ئىنسانىنىڭ كۈچى يېتىدىغان شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشى؛ ئىنسان روھىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ھەقىقەتلەرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى نەتىجىسىدە كامالەتكە يېتىشىدۇر. يەنە شۇنداق بىر ئۇقۇمنى «شىپا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئۆزىمۇ مەۋجۇدىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى مەۋجۇدىيەتنى تەتقىق قىلىشتۇر.»

ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر تەرزى ۋە مەۋجۇدىيەت قارىشىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەلسەپە توغرۇلۇق بەرگەن ئىزاھاتلىرى ناھايىتى مۇھىم. ئىبنى سىنا «شىپا-مېتافىزىكا» ناملىق كىتابىدا، بىر ئىلىمدە كەم بولسا زادى بولمايدىغان ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىنىڭ شۇ ئىلىمنىڭ مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىلىم تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىلەر شۇ ئىلىم يورۇتۇپ بېرىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، كېسەللىك ياكى شىپا بىر ـ بىرىگە تېگىدىغانلىقى ئۈچۈن، تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ مەزمۇنى ئىنسان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ شەكىلدە شەرھلەنگەن تېبابەتچىلىك ئىلمى ئىنساننى مۇتلەق رەۋىشتە تەتقىق قىلمايدۇ. يەنى ئىنساننىڭ فىزىكىلىق ۋە بىيولوگىيەلىك ئېلېمېنتلىرىنى تەتقىق قىلمايدۇ ياكى ئىنساننىڭ ئەخلاقىي ۋە سىياسىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىپ بېكىتكەن ساھەنىڭ ئىچىگە بۇنداق مەلۇماتلار كىرمەيدۇ. باشقا بىر ئىلىمنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق مەلۇماتلار ئوخشىمىغان بىر پەندە تەتقىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەرىكەتلىك ۋە ھەرىكەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئەت ئىلمىنىڭ مەزمۇنى «جىسىملار» دەپ شەرھلىنىدۇ. تەبىئەت ئىلمى جىسىملارنى ۋە بۇ جىسىملارغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ماتېماتىكىنىڭ تېمىسى ماددىدىن خالىي ساناق سانلار ياكى مىقدار سانلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. جۈملىدىن، ماتېماتىكا ئىلمى سانلىق مەلۇماتلارغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان پىرىنسىپلار سەۋەبىدىن، ئىسلام پەيلاسوپلىرىغا نىسبەتەن پەلسەپە ئىلمىنىڭ ئۇقۇمى ناھايىتى مۇھىمدۇر. كىلاسسىك دەۋر پەلسەپە-بىلىم چۈشەنچىسىدە، پەلسەپە ئۆزىگە تېما قىلىپ بېكىتكەن ئىشلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. پەيلاسوپلار ئۆزلىرى ۋارىسلىق قىلىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەردىن سىرت يەنە، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىي قىممەت ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر پەلسەپىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەلسەپە ھەققىدە توغرا

يەكۈن چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. يۇنان پەلسەپىسى كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەر ئاساسلىقى مەۋجۇدىيەت، مەلۇمات، قىممەت ئۆلچەملىرى، مەنتىق ۋە ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان خۇسۇسلار ئىدى. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر مۇتەپەككۇرنىڭ پەلسەپىسىنىڭ دائىرىسىگە ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، پەيغەمبەرلىك، ئاخىرەت ھاياتى ۋە ۋەھىي قاتارلىق مەسىلىلەر كىرىدۇ. بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى تەسەۋۋۇر ساھەسىنى بىرلەشتۈرۈش پەيلاسوپلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇرنى قوبۇل قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىنىي قىممەت ئۆلچەملىرىنى رەت قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيتتى، ئەكسىچە، دىنىي قىممەت ئۆلچەملىرى بىلەن ئەقلىي قىممەت ئۆلچەملىرىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. بىز غەرب چۈشەنچىسىدە كۆزگە چېلىقتۇرىدىغان دىن-تەسەۋۋۇر توقۇنۇشى ياكى ئەقىل بىلەن نەقىل ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق ئىسلام مەپكۇرىسىدا ئەسلا قوبۇل قىلىنغان ئەمەس. پەيلاسوپلار پەقەت ئەقلىي چۈشەنچىنىڭ ئەڭ بىلىنىدىغانلىرى سۈپىتىدە دىن بىلەن چۈشەنچىنىڭ ماسلىقىغا ئاساسلىنىدىغان نەزەرىيەلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويغان، خالاس. شۇ سەۋەبتىن، قەدىمكى دەۋر پەلسەپىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشۇ چۈشەنچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان پەيغەمبەرلىك، ۋەھىي، مۆجىزە ۋە باشقا مەسىلىلەرنىمۇ پەلسەپە كاتېگورىيەسىگە داخىل قىلغان. شۇڭا، پەلسەپە چۈشەنچىسىنى دىنىي قىممەت ئۆلچەملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەمدە ئىككىسىنى بىراقلا ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى پەلسەپىنى قانداق ئىزاھلىسا شۇنداق بىر پەلسەپىۋى ئۇقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دەرۋەقە، پەلسەپىنىڭ ئۇقۇمى بىر پەلسەپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

پەلسەپىۋى ئىلىملاردا تېما، مەسىلە ۋە پىرىنسىپتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىل بولۇشى كېرەك. تېما «ئىلىمدا مەسىلىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىشى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. يەنى «ئىنساننىڭ مەۋجۇداتلارنىڭ سىرىنى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئەقلىي قابىلىتىگە تايىنىپ بىلىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ھەم زۆرۈردۇر ھەم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن ئېتىبارغا ئالغۇدەك تاكامۇللۇق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، مۇھاكىمىمىزدە مەۋجۇداتلار ھەققىدە توغرا بولغان ئاساسلىق ئۇقۇملار تەتقىق قىلىنىدۇ ھەمدە بۇلارنىڭ مەۋجۇداتلارغا ماس ھالەتلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزگەرمەس مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىزدىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن ھەر بىر ئۇقۇمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇستەقىل بىر ئىلىم ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ ئۇقۇمغا شۇ ئىلىمنىڭ تېمىسىنىڭ ئىسمى قويۇلىدۇ. چۈنكى ئىلىمنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنىڭ تېمىلىرى ئاشۇ ئۇقۇمغا ئاساسلىنىدۇ. بىر تېمىدا ئورتاق بولغان ئەھۋاللار باشقا بىر تېمىدا ئورتاق بولغان ئەھۋاللاردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلىم بولىدۇ.

«ئىنسانىنىڭ كۈچى دائىرىسىدە مەۋجۇدىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىشى» تەرىقىسىدىكى ئېنىقلىما ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپە ئېنىقلىمىلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ كۆپ بىلىنىدىغىنى ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقىنىدۇر. مەۋجۇداتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى مەسىلىسى، تەڭرىدىن باشلاپ ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەۋجۇدىيەت دائىرىسىگە ئابستراكىت ياكى كونكرېت، ئەقلىي ياكى غەيرىي ئەقلىي، جانلىق ياكى جانسىز ھەر شەيئى كىرىدىغان بىر ئېنىقلىمىدۇر. بۇ تەرزدىكى بىر ئۇقۇم سىرتقى مەۋجۇدىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، زېھنى بولغىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى پەقەت مەۋجۇت بولغانىنىلا ئەمەس، مەۋجۇت بولۇشى تەقدىر قىلىنغانىنىمۇ ياكى خىيالىي بولغانىنىمۇ، ھەتتا مەۋجۇت بولمىغانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ دىنىي ئىلىملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلام پەلسەپە ئەنئەنىسى ئىسلامنىڭ باشقا تەسەۋۋۇر ئىلىملىرى بىلەن بولغان كالام، تەسەۋۋۇپ ۋە دىنىي ئىلىملەر ئەنئەنىسى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇسۇلۇپ ۋە تىل تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا ۋە ئىزچىل تۈردە ئالاقە ئىچىدە بولۇپ كەلگەن. كىلاسسىك دەۋردە پەيلاسوپلار مەۋجۇدىيەت بىلەن تىل تەتقىقاتلىرى ئوخشاش دەپ قارىغانلىقتىن، تىل تەتقىقاتلىرىغا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرىلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، تىل مەۋجۇدىيەت ۋە ھەقىقەتنىڭ ئەينىكى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. دىنىي تېكىستلارنىڭ ئۇقۇملىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا ئەرەب تىلىنىڭ چەك - چېگرالىرى «ئاساسلىق ئۆلچەم» دەپ قارالغانلىقتىن، كالام ۋە فىقھى ئۇسۇلى تەتقىقاتلىرىمۇ بۇ تېمىغا ئالاۋە قىلىنغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەرەب تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى دىنىي ئىبارىلەرنىڭ ئۇقۇمىنى بەلگىلىگەنلىكتىن، كالام ۋە فىقھى ئالىملىرى بۇ تەتقىقاتلارغا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇسۇل تەتقىقاتلىرىدا بولسا فىقھى ئۇسۇلىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇھىمدۇر. فىقھى ئۇسۇلى ھەققىدە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارغان ئالىملار پەقەت كالامچى كىملىككىلا ئىگە بولغانلىقتىن، كىلاسسىك دەۋردىكى كالام ۋە ئۇسۇل دەتالاشلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. نۆۋەتتە ئىسلام مەپكۇرىسى دېيىلگەن ھامان، ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئىسلام پەلسەپىسى، كالام، تەسەۋۋۇپ، ئۇسۇل ۋە تىل تەتقىقاتلىرى دېگەندەك ئۇقۇملار كېلىدۇ. بىراق پەلسەپىنىڭ قۇرئان ئىلىملىرى ۋە ھەدىس قاتارلىق باشقا دىنىي ئىلىم ئەنئەنىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى باردۇر. پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى بولغان ئەقلىي ئىلىملەر دىنىي ئىلىملەرنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۆتمۈشى بار بولغان بىر ئەنئەنىدۇر. بۇلار مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلاردىن مىراس قالغاندۇر.

ئومۇمەن ئىسلام مەپكۇرىسىنى، خۇسۇسەن ناھايىتى يېقىندىن پەرقلەندۈرگىلى بولمىسىمۇ ئىسلام پەلسەپىسىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى باشقا دىنلاردىن كەلگەن

ئەقلىي تەنقىدلەردۇر. بۇلارنىڭ بىر قىسمى بىۋاسىتە ئىسلامنىڭ ئېتىقاد ئاساسلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنە بىر قىسمى بولسا بولۇپمۇ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. خۇسۇسەن ئىسلام پەلسەپىسى، ئومۇمەن ئىسلام مەپكۇرىسى دەسلەپكى شەكىللىنىش باسقۇچىدا، براخمانىزم، مەجۇسىيلىق، دەھرىيلىك، ناتۇرالىزم، باتىنىيلىق ۋە دىنسىزلىق ھەرىكەتلىرى قاتارلىق ئىسلامدىن تاشقىرى دىن ۋە تەسەۋۋۇر ئەنئەنىلىرىنىڭ ئىلمىي تەنقىدلىرى ۋە ھۇجۇملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن تەشكىللىنىش شەكلى تارىخىي شەرت ـ شارائىتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئىمپېرىيە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ باشقا دىنلار بىلەن بىرلىكتە ياشىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. بۇنداق بىرلىكتە ياشاش باسقۇچىدا باشقا دىنلاردىن كەلگەن تەنقىدلەر بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ ئۆز تېكىستلىرىنى ئۆزگىچە ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «رەت قىلىش» ۋە «چەك تۇرۇش» تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ئەقلىنىڭ چېگرا لىنىيەلىرىنى بەلگىلەش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان.

مەجۇسىيلىقنىڭ بىر بەندىنىڭ كائىناتتىكى مەۋجۇت بولۇش ۋە بۇزۇلۇشىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىشلەتكەن ئىككى ئەزەلىي پرىنسىپى، يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق پرىنسىپى جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بىر تەنقىد ئىدى. يەنە «دەھرىيلەر» دەپ ئاتىلىدىغان گۇرۇپپىلار كائىناتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى، «زاماننىڭ ئەسىرى» تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ قاراش ۋە چۈشەنچىدىن تۇغۇلغان تەنقىدلەرگىمۇ جاۋاب بېرىش كېرەك ئىدى. بۇ قاراش پەقەت جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئارىسىدىلا كۆزگە چېلىقاتتى. يەنە «ناتۇرالىزمچىلار» دەپ ئاتالغان بىر گۇرۇپپىنىڭ تەڭرىنى چەتكە قېقىپ، كائىناتنى پەقەت تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشەندۈرىدىغان دەۋاسىغىمۇ جاۋاب بېرىلىشى لازىم ئىدى. تېگى ھىندىستانلىق براخمانلارنىڭ پەيغەمبەرلىكنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە زۆرۈرلۈكىگە قاراتقان تەنقىدلىرى، ئاخىرەت ھاياتىغا قارىتا مېتامپسىخوز ئېتىقادلىرى، ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭمۇ مۆجىزە كۆرسىتەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت دەۋالىرىغا جاۋاب قايتۇرۇش شەرت ئىدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۆز ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان باتىنىيلارنىڭ دىنىي تېكىستلارنىڭ زاھىرىي مەنىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قارىتا دەۋالىرىغا، ئوبيېكتىپ مەلۇماتنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، ھاكىمىيەت مەسىلىسىدە ئىماملارغا ئەگىشىش تەرىقىسىدىكى پىكىرلىرىگىمۇ جاۋاب بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، خىرىستىيانلارنىڭ ئۈچ بىرلىك ئېتىقادىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك ئىدى.

كالام ئەنئەنىسىدە بۇنى تەقىب قىلىشىمىز تېخىمۇ قولايدۇر. مۇسۇلمان كالامچىلارنىڭ بۇ گۇرۇپپىلارغا بەرگەن رەددىيەلىرى بۇنىڭ ئەڭ روشەن نامايەندىسى، ئەلۋەتتە. مۇناسىۋەت ۋە جاۋاب بېرىش بەس ـ مۇنازىرە تەرىقىسىدە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئىسلام پەلسەپە ئەنئەنىسىدىمۇ بۇ تەنقىد ۋە دەۋالارنىڭ ئىزلىرىنى كۆزگە چېلىقتۇرىمىز. مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىلىرىنى ئورنىتىش جەريانىدا بۇ تەنقىدلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان

www.uyghurkitap.com

سۇركىلىشلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. بۇ دائىرىدە تەڭرىنىڭ بارلىقى، بىرلىكى، تەڭرىنىڭ كائىنات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، كائىناتتىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىشى، ئىنسان ئىرادىسىنىڭ ئاساسىنى بەلگىلەش، پەيغەمبەرنىڭ ۋە ۋەھيىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئىزاھات بېرىش ۋە بۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان خەۋەرلىشىش نەزەرىيەسى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ماھىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان مەسىلىلەر بولغان. باتىنىيلارنىڭ تېكىستنىڭ زاھىري ئۇقۇمى مەسىلىسىدە چېكىدىن ئېشىپ كېتىشى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك ئانالىزلارنى ھەقىقىي ئۇقۇم دەپ دەۋا قىلىشى نەتىجىسىدە تېكىستنىڭ ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئوبيېكتىپ ئۆلچەم-لەرگە ئاساسلىنىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنتىق ئىلمىنى «ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ ئوبيېكتىپ مەلۇماتقا ئېرىشتۈرىدىغان پەن» دېيىشكە بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئىسلام پەلسەپە ئەنئەنىسىنىڭ ئېنىقلىما ۋە نەزەرىيەلىرىنى ئۆگەنگەندە، بۇ قاراشتىكى پەيلاسوپلارنىڭ مەزكۇر گۇرۇپپىلار بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدىن ئىبارەت ئۆلمەس ھەقىقەتنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. بۇ ساھەدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز پەيلاسوپلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. يېقىندىن بۇيان، ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايماقتا.

## ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ تەسىرى

تۈركىيەدە تەسەۋۋۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك يازما ئەنئەنىمىز ئاساسىي جەھەتتىن پەقەت ئېنىقلىما ۋە نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىنلا ئىبارەت، خالاس. ھالبۇكى، تەسەۋۋۇر ئېقىملىرىنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم بىر زامان ۋە مۇئەييەن بىر ماكاندا ئىشقا ئاشىدۇ. جۈملىدىن ئۇنىڭ مەدەنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى باردۇر. مۇھاكىمىمىزدە كالامچى مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى تەتقىق قىلىنىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنىڭ بولۇپمۇ مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ساھەلىرى يورۇتۇپ بېرىلدى.

ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ تارماق نەزەرىيەلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەدەنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ساھەلىرى ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ بىر تەرىپى، مەدەنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ

بايانىدۇر. شۇڭا، ئىسلام پەلسەپە ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

يەنە بىر تەرىپى، ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە دىنىي تېكىستلەرنىڭ ئالاھىدە رول ئوينىشىدۇر. زاھىرىي جەھەتتىن نەزەر تاشلىغاندا، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، ئىنسانىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە دىنىي تېكىستلەرنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىگە زىت بايانلارنىڭ بارلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەردىكى بايانلارنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشى، يەنە بەزىدە قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ ھەدىسلەر بىلەن توقۇنۇشى تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. فىقھى ئۇسۇلىدىكى «دەلىللەرنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشى» تەرىقىسىدىكى مۇھاكىمىلەر بۇ مەسىلىنى فىقھى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى نىشان قىلىدۇ. دەرۋەقە، ئىسلام تەسەۋۋۇر ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسلىق نىشانى، تېكىستلەرنىڭ زاھىرىي ئۇقۇملىرىدىكى بۇ زىددىيەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، دىنىي تېكىستلەردىكى مەۋھۇم تەسۋىرلەر ھەل قىلغۇچ ئالاھىدىلىككە ئىگە. دىنىي ئىلىملەردە بۇ مەسىلىگە مۇتەشابىھ، مەجاز، كىنايە، ئوخشىتىش، بىرلەشمە بايانلار، مۇبھەم، مۇشتەرەك، مۇشكىل، مۇجمەل ۋە خەفى قاتارلىق ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئىشارەت قىلىنغان. ئىسلام تەسەۋۋۇر ئەنئەنىسىنىڭ نىشانى ھەم دىنىي تېكىستلەرنى شەرھلەش ئۈچۈن بەس - مۇنازىرە قوزغاش ھەم بۇنىڭ مېتودىغا دائىر دەتالاشلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشتۇر. مۇتەشابىھ، مەجاز، كىنايە قاتارلىق كەلىمىلەر ئەنە شۇ مېتود ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان دەتالاشلار نەتىجىسىدە ئاتالغۇلاشقان.

# قۇرئان ۋە ئىلىم ئەنئەنىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى

جاھىلىيەت دەۋردە ئەرەب جەمئىيىتى ئىلمىي ئەنئەنىلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىسلام مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ دىنىي ۋە ئەقلىي ئىلىم ئەنئەنىلىرىنىڭ نىسپىي ھالدا ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەكىللىنىشى ئىزاھلاشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى بىۋاستە دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىسلام دىنى قۇرئان كەرىم ۋە ئىلاھىي خىتابنى توغرا ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە كۈندىلىك ھاياتتا كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە پات - پات ئىنسان فىترىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ زورۇرلۇكىنى تەكىتلىمەكتە، ئىنساننىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە بىلىشكە ئوخشىغان تالانتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكتە. قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر ئىنساننى ئۆزى، تەبىئەت، تەبىئەتتىكى جانلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ئاسمان ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، كۆزىتىشكە، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق توغرا يەكۈن چىقىرىشقا تەشۋىق قىلماقتا. ئىنساننى ئالەم ۋە شۇ ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىنىڭ تەسەررۇپى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا تەكلىپ قىلماقتا. قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىشنىڭ تېمىسى ئالەم ۋە ئىنساننىڭ

ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلىشى، ئاللاھ ئالەمشۇمۇل ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغان ئىلاھىي نىزام، مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئۇقۇمى ۋە غايىسى قىلىپ بېكىتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىۋاسىتە قۇرئان ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەنمەكتە.

قۇرئاندا پىكىر يۈرگۈزۈش «نەزەر»، «رەي»، «تەپەككۇر»، «تەزەككۇر»، «تەدەببۇر»، «ئېتىبار» ۋە «ئاقىل» ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇنىڭ ئىچىدىكى «نەزەر» ۋە «رەي» ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئالەم ئىچىدىكى مەۋجۇداتلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە تەشۋىق قىلىنماقتا، «نەزەر» ئاتالغۇسى ئارقىلىق بىۋاسىتە توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنمەكتە. يەنە قۇرئاندىكى تەپەككۇر قىلىش ھەرىكىتى ئىپادىلەنگەن ئىبارىلەر ئىنساننىڭ بىلىش تىرىشچانلىقى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارغا ئوخشاشلا «بىلىش» ۋە «مەلۇمات» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان «ئىلىم» ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلەنگەن ئاتالغۇلارنىڭمۇ ناھايىتى كەڭ ئىستېمال قىلىنغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. قۇرئاندا ئىلىم ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلەنگەن ئىبارىلەر تەخمىنەن 750 يەردە ئىستېمال قىلىنغان. بۇنداق كەڭ دائىرىلىك ئىستېمال قىلىش ھەدىسلەردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

دېمەك، قۇرئاننىڭ ئىلىم مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئىسلامدىكى كالام، تەسەۋۋۇپ، فىقھى ۋە باشقا ئىلىملەر باشتىن كەچۈرگەن مۇساپىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ III (IX) ئەسىردە باشقا مەدەنىيەتلەرگە ئائىت كىلاسسىك مىراسنى ناھايىتى قولاي ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە. قۇرئاندا ئىلىم ئاتالغۇسى ناھايىتى كۆپ تەكىتلەنگەن، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ۋە بۇ سايىدە ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتكە ئەڭ ئۇزاق مەزگىللىك تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

قۇرئاندا ئىلىم ئىبارىسىدىن بولۇپمۇ مەنبەسى ئىلاھىي بولغان مەلۇمات (ۋەھىي) كۆزدە تۇتۇلماقتا. گەرچە ئىسلام دۇنياسىدا تەرەققىي قىلغان ئىلىملەر ئۆزىگە خاس تېمىلىرى، نىشانلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلىم ئاتالغۇلىرى ئوخشىمىغان مەسىلىلەر نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئىلىمنىڭ ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك تىرىشچانلىقلار قۇرئان ئۇقۇمىنى چۆرىدىگەن ھالدا داۋاملاشقان. شۇ ۋەجىدىن، ئىسلام دۇنياسىدا تۇنجى شەكىللەنگەن ئىلىملەر «قۇرئان ئىلىملىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىلىملەر قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە تەپسىر قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەپسىر ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «رەسمۇل مۇسھەف»، «قىرائەتۇل قۇرئان»، «ئەسبابۇنۇزۇل»، «ناسىخ ۋە مەنسۇخ»، «غەرىبۇلقۇرئان»، «ئىجازۇلقۇرئان»، «ئەقسامۇلقۇرئان»، ئېئرابۇل قۇرئان»، «ۋۇجۇھ ۋە نەزائىر» «فەزائىلۇلقۇرئان» قاتارلىق ئىلىملەردۇر. قۇرئان ئىلىملىرى ئاتالغۇسى دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مەلۇم مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا بېرىلگەن نام ئىدى، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پۈتكۈل قۇرئان مەسىلىلىرىنى ئۆز

ئېچىگە ئالىدىغان مۇستەقىل تەپسىر ئۇسۇلى تەتقىقاتلىرىدىن بىرىنىڭ نامىغا ئايلانغان، كېيىنچە «قۇرئان ئىلىملىرى» نىڭ ئورنىغا «تەپسىر ئۇسۇلى» ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

ئومۇمەن، ئىسلام جەمئىيىتىدە دەسلەپكى دەۋرلەردە «ئىلىم» ئاتالغۇسى دائىرىسىگە پەقەت قۇرئان، ھەدىس ۋە پىقھى كىرەتتى، كېيىنچە بۇ ئاتالغۇنىڭ دائىرىسىگە تېخىمۇ كۆپ ھەدىسلەر كىرىدىغان بولغان. «ئىلىم» ئاتالغۇسى ۋە تۇرداشلىرىنىڭ ھەدىس ئاتالغۇسىدا بىلىنىدىغان ئۇقۇمى ئومۇمەن دىنىي ئۇچۇرلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرى، خۇسۇسەن ھەدىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ رىۋايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. كۆپلىگەن ھەدىس ئالىملىرى بەزى دەۋرلەردە فىقھشۇناسلىقتىكى رەي (قاراش)، ئىجتىھاد ۋە قىياس قاتارلىق زېھنىي پائالىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقلىي ھۆكۈملەرگە ئاساسلىنىدىغان مېتودلارغا گۇمان بىلەن قارىغان، دىنىي كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشتا ئاساسىي ساغلام بولغان رىۋايەتلەرنى «تۇتقا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقىي مەلۇماتلار» دەپ قوبۇل قىلغان.

ھەدىس ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى ھەققىدە بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز. بىراق شۇنى تەكىتلەش زۆرۈر دەپ قارايمىز:

ئىسلام دۇنياسىدا تارىخىي يەكۈن سۈپىتىدە قۇرئان ئىلىملىرىدىن قالسا ۋە ئاساسىي جەھەتتىن قۇرئان بىلەن بىرلىكتە تەرەققىي قىلغان پەن ھەدىس ئىلمىدۇر. يەنە بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز:

ھەدىس ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دەسلەپكى دەۋردىن باشلاپلا «ئەھلى رەي» ۋە «ئەھلى ھەدىس» تەرىقىسىدىكى ئېقىملىشىش ئوتتۇرىغا چىققان.[1] ئەھلى رەي دىنىي تېكىستلەرنى چۈشىنىشتە ئەقىلنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىزچىل تەكىتلىگەن. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرى ھەنەفىيلەر ئېقىمىنىڭمۇ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئەقلىي ئىلىملەرنىڭ شەكىللىنىشىدە بىلىملىك ئىنسان مەنبەسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ نۇقتا كالام ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كېيىنچە باشقا ئەقلىي ئىلىملەرنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. فىقھى ئىلمىدە ئەقىلگە تايىنىش تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. بىراق فىقھى ئىلمىدە «ئەقىل» ئاتالغۇسىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ كېيىن شەكىللەنگەن پەلسەپە ئەنئەنىسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەقىلگە تايانغان ئېقىملار پەلسەپە - بىلىم ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلار قوشۇنىنىڭ كۆپىيىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. دەرۋەقە، پەلسەپىۋى بىر پەن بولغان مەنتىقىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشىدىن كېيىنكى سىڭىشچانلىقىنى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەززالىدىن كېيىنكى فىقھى ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار بىزنى ناھايىتى مول مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. نۆۋەتتە بىز فىقھى ئىلمىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تارىخىي مۇساپىسى ۋە بۇ جەرياندىكى ئىلىم ئاتالغۇسى تەتقىقاتىنىڭ فىقھى تەتقىقاتلىرىنىمۇ ئۆز

---

(1) بۇ ھەقتە، مەھمەت ئۆزەنەلنىڭ، مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان، «سۈننەت ۋە ھەدىسنى شەرھلەش ھەم چۈشىنىشتە ئەھلى رەي - ئەھلى ھەدىسنىڭ قاراشلىرى ۋە ئىمام شەيبانى» ناملىق دوكتورانت دىسسېرتاتسىيەسىگە قارالسۇن.

ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز.

## فىقھى

ئىسلام مەيدانغا كەلگەن دەۋردىكى ھىجاز ئەرەب جەمئىيىتىدە مەركىزىي بىر سىياسىي ھاكىمىيەت ھۆكۈم سۈرمەستىن، ئەكسىچە ئائىلە ۋە قەبىلە بىرلىكىگە ئاساسلىنىدىغان ھايات تەرزىنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى، كەئبە ۋە بۇتپەرەسلىكنى مەركەز قىلغان دىنىي ھايات، شەھەر ئاقسۆڭەكلىرى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى قاتارلىق ئامىللارمۇ قانۇنىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. جاھىلىيەت جەمئىيىتىدە كوللېكتىپ مەسئۇلىيەتچانلىق كۈچكە ئىگە، كۈچلۈكلەرنىڭ گېپى ئۆتىدىغان ۋە سىنىپىي ئايرىمچىلىققا ئاساسلىنىدىغان، ئۆرپ - ئادەت ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئاغزاكى قانۇن مەدەنىيىتى ھۆكۈم سۈرەتتى. بولۇپمۇ قەرز ئىشلىرى، تىجارەت، ئائىلە، جىنايى ئىشلار ۋە ئۇرۇش قانۇنى ساھەلىرىدە مەلۇم ئەنئەنىلەرنىڭ ئومۇملىششى، قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا قەبىلە باشلىقلىرى، جامائەت ئەربابلىرى ۋە كاھىنلارنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىشىمۇ بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئىسلام دىنى قانۇن ساھەسىدە بىرقاتار قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى ئورنىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز قوينىدا تۇغۇلغان جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىسى، ئوي - پىكىرلىرى، مەلۇماتلىرى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن مۇھىم مەنبە سۈپىتىدە پايدىلانغان، بۇنى تۇتقا قىلىپ، خىتاب قىلىنغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرغان، ماددىي دەلىللەرگە ئاساسەن ئاساسلىق قانۇن - بەلگىلىمىلەرنى ئورناتقان. قۇرئان ۋە سۈننەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان قانۇنىي ھۆكۈملەر ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان ساھەلەرگە ئوخشاشلا قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىلغان تەرەپلىرىمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىدىن ياخشىلىرىنى ئەينەن، بۇزۇق بولغانلىرىنى تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرغانلىقى، پۈتۈنلەي خاتا بولغانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان، ئەلۋەتتە. بىراق بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دىنىي بەلگىلىمىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ھاياتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىشتىنمۇ بەكرەك مەزكۇر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئاساسلىق خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن بەزى چەكلىمىلەرنى قويۇش مۇھىم دەپ قارالغان. قۇرئان ۋە سۈننەتتە قانۇنىنىڭ ھەر ساھەسىنى تەرتىپكە سالىدىغان بەلگىلىمىلەر ئورنىتىلماستىن، پەقەت شۇ دەۋرنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن، ھەر خىل مۇئامىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ھۆكۈملەر ھەممىدىن بەكرەك مەنئىي قىلىش ۋە چەكلىمە قويۇش تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىنغان. بۇ جەرياندا پەقەت قانۇن - بەلگىلىمە ئۇسلۇبى ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، ئەكسىچە قانۇن - بەلگىلىمىلەرنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەرىپى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ

ئۆزئارا مۇناسىۋىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ ئەھۋال قانۇننىڭ دىندا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت ئاساسلىرىغا ئاساسەن ئىككىنچى دەرىجىدە مۇھىم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ماددىي ھادىسىلەر بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى، تار ئۇقۇمى بىلەن دىن ۋە ئەخلاقنىڭ قانۇننىڭ تەبىئىي ۋە ئىنسانىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قوشىدىغان تۆھپىسىنى نامايەن قىلىشى جەھەتتىنمۇ مۇھىمدۇر.

ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرىدىكى تەبلىغىدە تەۋھىد ئېتىقادىنى ئومۇملاشتۇرۇش، شەخسلەرنى مەنىۋىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئاڭلىق ۋە سۇباتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ناھايىتى مۇھىم ئىدى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئالدى بىلەن نامازغا ئوخشىغان كىشىلىك ئىبادەتلەردىن باشلىنىشى، ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنىدە دۆلەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلىكتە تەدرىجىي ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋە ئومۇمىي ھوقۇقنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇن قانۇن - بەلگىلىمىلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ھەم ئىسلام قانۇنىدا تەدرىجىيلىك ۋە ئىنسانىي ئامىلنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن ھەم قانۇننىڭ ئاساسىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. دەرۋەقە، ھىجرەتتىن كېيىن مەككىلىك ۋە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلاردىن تەشكىل تاپقان مەدىنە جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن گۇرۇپپىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر شەھەر دۆلىتى ھالىتىدە تەشكىللىنىشى ۋە بۇ تەشكىللىنىشنىڭ ئاساسلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلۇشى، ئاساسىي قانۇن تارىخى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن سىرت، يەنە ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش پىكىرلىرىنى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىشى جەھەتتىنمۇ دىققەت قوزغايدۇ. يەنە مەدىنە دەۋرىدە ئۆيلىنىش ۋە ئاجرىشىش، نەسەب، ۋەسىيەت، مىراس، جىنايى ئىشلار قانۇنى، غەنىيمەتلەر ۋە تارقىتىلىشى، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ ئەھۋالى، ئېلىم - سېتىم ۋە باشقا ئاساسلىق قەرز مۇناسىۋەتلىرىگە ئوخشىغان تۈرلۈك قانۇنىي مەسىلىلەردە بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن خاتالىقلار تۈزىتىلگىنىدەك، ئەمەلىي ئەھۋال ۋە ھادىسىلەردىن دەلىل كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق مەلۇم قانۇن - بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلغان. قول، ئايال ۋە زىممىي قاتارلىق مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىشتىنمۇ بەكرەك ئىنسان ئېڭىنى ئۆزگەرتىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئىنساننى ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىرلەش، ئۇنىڭ ئاساسلىق ھەق - ھوقۇقلىرى ۋە ئىنسانلىق شەرىپىنى قوغداش دائىما ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. يەنە بۇ دەۋردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇنىي مۇناسىۋەتلەردە ئەركىن ئىرادە ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش پىرىنسىپىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، سۆز - ھەرىكەتتە ئوچۇق - يورۇق بولۇش، ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، مۇقىملىق ئورنىتىش، جازالاندۇرۇش، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، قانۇنچىلىق ۋە خۇسۇسىيلىق پىرىنسىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئادالەت ئورنىتىپ، ناھەقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا سوتلاش ۋە خۇسۇسىي ھاياتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش

www.uyghurkitap.com

ۋە كاپالەت ئاستىغا ئېلىش قاتارلىق ئاساسىي پىرىنسىپلارنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ھۆكۈم ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئورناتقان. ساغلام بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئۇل تاشلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئاساسىي پىرىنسىپلار مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن مەپكۇرىسىغا ئاساسەن تەرەققىي قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە ئاساسلىق يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بەرگەن.

قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئىشلىتىلگەن ئۇسلۇب ۋە مېتودلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈلگە قىلىنغان، ئۆز ۋاقتىدىكى سوتلاش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئىجتىھاد پائالىيەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئىسلام مۇھىتىدا «ئىلىم» ۋە «فىقھى» ئىبارىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىرىشچانلىقىدىن ئورۇن ئالغان كۈچلۈك بىر قانۇنىي تەپەككۇرنى باشلاتقىنىدەك، شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ بارغانسېرى كەڭ ئومۇملىشىشى ۋە دۆلەت تېررىتورىيەسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان قانۇن - بەلگىلىمىلەر ۋە قاراشلارنىڭ كۈنتەرتىپكە كېلىشكە باشلىشىمۇ بۇ تەپەككۇرنى بېيىتقان. خەلىپىلەر تەرىپىدىن سىياسىي مۇقىملىق ۋە ماددىي گۈللىنىشكە ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرىلگەن ئەمەۋىلەر دەۋرىدە فىقھىي ۋە پەتىۋا پائالىيەتلىرى ئومۇمەن غەيرىي رەسمىي تەشەببۇس ۋە ئىرىشچانلىقلار دائىرىسىدە داۋاملاشتۇرۇلغان، تۈرلۈك رايونلاردىكى ئىلىم مەجلىسلىرى ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، كىشىلىك ئىرىشچانلىق ۋە ئەقلىي يەكۈنگە ئاساسلىنىدىغان رەي پائالىيىتىمۇ سىستېمىلىق تەسەۋۋۇر تەلىماتىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئابباسىيلار دەۋرىدە فىقھى ئىلمىنىڭ ئېتىقاد تەرىپى بىلەن ئەمەس، مۇئامىلە تەرىپى بىلەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا شەخسلەر، جەمئىيەت، دىن ھەققىدە ھەر جەھەتتىن بىلىم ساھىبى بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر پەن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، مەنبەلەرنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇلار ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ سىستېمىلىق ھالغا كېلىشى، يېڭىلىنىش ۋە ئېقىملىشىش بىلەن بىرلىكتە فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆز دەۋرلىرىدىكى ئەمەلىي ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەرىقىدە شەكىللەنگەن مەزھەپ فىقھىلىرىنىڭ سوتلاش ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن - بەلگىلىمىلەر ئۈچۈنمۇ قانۇنىي ئاساس بولۇشقا باشلىشى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى 4 - 5 - ئەسىردىكى قانۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنىڭ ئانا باسقۇچلىرىدۇر.

كېيىنكى بىر - ئىككى يۈز يىل ئىچىدە بولۇپمۇ ئەمەلىي مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق پۇقراۋى ۋە رەسمىي مۇھىتلاردا ھەممىگە تونۇشلۇق ۋە كەڭ تارقالغان فىقھىي مەزھەپلىرى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش تېزلەشكەن، ھەدىسچى ۋە زاھىرىي ئاڭنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، سۈننىي ئېقىمدا ھەنەفىي، مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت مەزھەپ، شىئە ئېقىمىدا جەئفەرىيە (ئىمامىيە) ۋە زەيدىيە، خاۋارىجلار ئېقىمىدىمۇ ئىبازىيە ئىسلام فىقھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھالغا كەلگەن، تەتبىقلاش ۋە

مەسىلەك بۇ مەزھەپلەر ئىچىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلغان، باشقا مەزھەپ ۋە قاراشلار بولسا فىقھىي تارىخنىڭ مەنبەسى ۋە بايلىقى سۈپىتىدە دائىما ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالغان. ئىسلام جەمئىيىتىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر پەقەت قانۇنىي ساھە بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. خەلىپىلىك مەسىلىسىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋردە گۈللەنگەن پەنلەردىن بىرىمۇ دەل كالام بولغان. بىراق كالامنىڭ ئىسلامىي ئىلىملەردىن بىرىگە ئايلىنىش نىشانى كېيىنكى دەۋردە ئىشقا ئاشقان. چۈنكى بولۇپمۇ ئەھلى ھەدىس كالام ھەققىدىكى بەس - مۇنازىرىلەر ۋە تەلىماتلارنى بىدئەت دەپ قاراپ، قاتتىق تەنقىد قىلغان. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كېيىنكى دەۋردە غەززالىنىڭ خەلقنى «كالام» ئىلمىدىن يىراقلىشىش توغرۇلۇق بىر كىتاب يېزىشى دىققەت قوزغايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ تەجرىبە - ساۋاق ئەنئەنىسىگە ئىگە ئەسەر يېزىش ئۇسۇلى ئىدى. دەسلەپكى دەۋردە بۇ ھەممىنى كالامغا يېقىنلاشتۇرماسلىقتا دائىر ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

## كالام

ئىسلام مەپكۇرىسىدىكى تېئولوگىيەلىك قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان كالام ئەنئەنىسىنىڭ ئىسلام ئېتىقاد مەپكۇرىسىنى مۇۋاپىق بىر ئەقلىي سىستېما ھالىتىدە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى، ئېتىقاد ئاساسلىرىغا زىيانلىق دەپ قارالغان دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان تەنقىدلەر ۋە ھۇجۇملارغا ئەقلىي مېتودلار ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە روياپقا چىقىرىلغان. مۇئتەزىلەنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسىدە كۆرۈلگىنىدەك، باشلانغۇچتىن تارتىپ ئۆز دەۋرىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئىچىدە بولغان كالام ئىسلام پەلسەپە ئەنئەنىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان بىر ھېسابلىشىشتىن كېيىنكى دەۋردە كەلگەن كالامچىلارنىڭ قولىدا پەلسەپىۋى كىملىككە ئېرىشكەن. مۇئتەزىلەنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا سەكرەپ چىقىشىنىڭ ئالدىدا سۈننىي ئېقىمىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشى، ئەشئەرىيلىك ۋە ماتۇرىدىيلىق ئېقىملىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، بەزى پىكىرلىرىدە مۇئتەزىلە ئېقىمىدىن ئىلھام ئالغان شىئە مەزھىپىمۇ كالامغا دائىر تەلىماتلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر سىياسىي ئاڭغا ئاساسەن تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كالام پىكىرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەم بىر - بىرىگە قارشى ھەم پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرىغا قارشى ھەمدە ئىسلام ئۆچۈن زىيانلىق دەپ قارالغان ئېقىملارغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان تالاش - تارتىشلار ئىسلام چۈشەنچىسىگە مىسلىسىز بىر دىنامىكىلىق كۈچ قازاندۇرغان.

فارابى كالام ئىلمىنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدە ئوينىغان رولىنى ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: كالام سەنئىتى دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇم تەسەۋۋۇر ۋە قاراشلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بۇلارغا زىت بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سۆز ئارقىلىق بايان قىلىش كۈچى قازاندۇرغان بەس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

- مۇنازىرە قابىلىيىتىدۇر.

باشلانغۇچتىن ئېتىبارەن كالام ئىلمى ئۆز تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەدرىجىي يۈكسەك سەۋىيەگە يېتىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىنىڭ سىرى يېشىلىشى بىلەن تەڭ ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كالامنىڭ تېمىسى ئاللاھنىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، مەۋجۇدىيىتى، كاپىرغا چىقىرىش ۋە تەقدىر مەسىلىلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. پەيغەمبەرلىك، ئاخىرەتكە ئىشىنىش ۋە دىنىي يولباشچىلىق مەسىلىلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. شىئە كالامىدا بولسا دىنىي يولباشچىلىق دىنىنىڭ ئەسلى ھۆكۈملىرى تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىناتتى ۋە باشقا خۇسۇسلار ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلەتتى. كەسكىن دەلىللەر ئارقىلىق مۇقىملاشقان ئېتىقاد ئاساسلىرى كالامنىڭ ھەر دەۋردىكى ئۆزگەرمەس مەسىلىلىرىدىن ئىدى. بۇلارنىڭ بايان قىلىنىشى ۋە ئىسپاتلىنىشى جەريانىدا مۇراجىئەت قىلىنغان ئىجتىمائىي بىلىملەر، ئىنسانىي ئىلىملەر ۋە پوزىتىپ بىلىملەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن يارەمچى مەلۇماتلار بولسا بۇ ئىلىملەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن.

ئىسلام دۇنياسىدا بىر تەرەپتىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئېھتىياج، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى يۇنان تەسەۋۋۇرىدىن تەرجىمە قىلىنغان پەلسەپىنىڭ كەڭ تارقىلىشقا باشلىشىغا ئەگىشىپ، ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالىملار پىكرىي جەھەتتىن كالام ئىلمىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزالىغۇدەك سەۋىيەگە يەتكەنىدى. ئىمان ئاساسلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان ئۇلۇھىيەتنىڭ تۈنجى تېمىسى پۈتۈنلەي ئالەملەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە بۇنىڭ بىر ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئىدى.

شۇ ۋەجىدىن، كالام ئىلمىنىڭ تېمىسى ئەمەلىيەتتە بار بولغان ھەر شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە كېڭەيگەن. بىراق كالام ئالەمدىن سۆز ئاچقاندا مېتود جەھەتتىن دەلىلنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىنى تۇتقا قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق پەقەت ئەقىلگىلا ئاساسلىنىدىغان پەلسەپىدىن ئايرىلغان.

كالام ئىلمىنىڭ بىر قىسمى ئىسلامنىڭ ئۆز قۇرۇلمىسى سەۋەبىدىن ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىچكى سەۋەبلەر تۈپەيلى، يەنە بىر قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا زىت دىن ۋە پەلسەپىلەردىن تەشكىل تاپقان چەت ئەل مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان. ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىشىدىن كېيىن دىنىي تەسەۋۋۇرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئېھتىياج بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن مۇسۇلمانلار زاھىرىي مەنىلىرى ئېتىبارى بىلەن ئەقىدە ۋە فىقھىي ساھەسىدە بىر - بىرىگە زىتتەك كۆرۈنىدىغان ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان دەلىللەرنىڭ چەك - چېگراسىنى ئېنىق ئايرىشقا تىرىشقان؛ بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەقىدە ۋە فىقھىي ساھەسىدە ئوخشىمىغان قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا چىققان. كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىنسانلار ھەم ئۆزلىرى ھەم باشقا مەۋجۇدىيەت ۋە

ھادىسىلەر ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىشقا، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنى ئونتولوگىيەلىك ۋە ئېپىستېمولوگىيەلىك جەھەتتىن ئانالىز قىلىشقا چاقىرىلغان، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدىغانلارنىڭ توغرا مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقى تەكىتلەنگەن، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئۆگەنگەن ئېتىقادلارنى تەقلىد قىلغانلارنىڭ ھەقىقىي ئېتىقاد ۋە توغرا مەلۇماتلارغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، داۋاملىق ئازغۇنلۇقتا قالىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. مۇسۇلمانلار بۇ ئىلاھىي ئەمرگە ئىتائەت قىلىپ، دىنىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان تەلىماتنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇشقا يۈزلەنگەن. بۇ ئەھۋال كالامنىڭ تۇغۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قۇرئاندا ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن سۈپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەيغەمبەرلىك، تەقدىر، ئىمان-گۇناھ، ياخشىلىق-يامانلىق قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە ئەقلىي دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە بىلدۈرۈلگەن ئېتىرازلارغا ئەقلىي ۋە مەنتىققە ئۇيغۇن كېلىدىغان جاۋابلار بېرىلگەن. ئوخشىمىغان دىنلارنىڭ مەنسۇپلىرىنىڭ باتىل ئېتىقاد ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇلغان. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ كالام ئىلمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەمردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ياشاۋاتقان رايونلار پەتھى قىلىنغان ۋە نۇرغۇن ئىنسان مۇسۇلمان بولغان. ئوخشىمىغان دىنلاردىن كەلگەن يېڭى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى چىرمىۋالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالىملاردىن سوئال سوراپ، جاۋاب ئېلىشىمۇ كالام تەلىماتى پائالىيەتلىرىگە مۇھىم تۈرتكە بولغانلىقىنى قوشقان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۇنجى پىكرىي ئايرىلىش سىياسىي مەسىلىلەردە ئوتتۇرىغا چىققان. پەيغەمبەرنىڭ ئورنىغا كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىغا دائىر تالاش - تارتىشلار ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سايلىنىشى بىلەن بېسىقىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇھىم بىر مەسىلىگە ئايلانغان، بولۇپمۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېيىنكى تەرەپدارلىرى خەلىپە بەلگىلەشنى ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ قويىدىغان ئاددىي بىر مەسىلە ئەمەس، ئەكسىچە دىنىي ئاساسى بار مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى، خەلىپىلىكنىڭ ۋەھيي ئارقىلىق ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەن كىشىلەرگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بۇ مەسىلىنى دىنىنىڭ ئەسلى ئۇنسۇرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تەتقىق قىلغان. يەنە دۆلەت رەئىسلىكى ۋەزىپىسى ئەتراپىدىكى تالاش - تارتىشلارنىڭ بىر نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن جەمەل ۋە

سىففىن ئۇرۇشلىرى سەۋەبىدىن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشنىڭ دىنىي ھۆكمى، ئىمان-گۇناھ، تەقدىر، كۇفرىلىق قاتارلىق مەسىلىلەر تالاش - تارتىش قىلىنغان ۋە بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن. سىياسىي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزەلمىگەن ئۆكتىچى گۇرۇپپىلار بولسا ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن «نىجاتلىقىقا ئېرىشتۈرگۈچى مەھدى» پەيكىرىنى توقۇپ چىققان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەۋى ھۆكۈمدارلىرى سىياسەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە «مەجبۇرىيەت» قارىشىنى يېيىشقا ئۇرۇنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى كالام ئىلمىنىڭ تۇغۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

كالام ئىلمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن سىرتقى سەۋەبلەرنىڭ بېشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ يات دىنلار بىلەن ئۇچرىشىشى كېلىدۇ. خۇلەپائى راشىدىن دەۋرىدىن ئېتىبارەن ئىسلام تېررىتورىيەسىنىڭ ناھايىتى تېز كېڭىيىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ئوخشىمىغان دىنلارغا مەنسۇپ ئالىملار بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، دىنىي مەسىلىلەردە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارغان. شۇ ۋەجىدىن، مۇسۇلمان ئالىملار ئىسلامغا قىلىنغان ئېتىرازلارغا جاۋاب تېپىشقا مەجبۇر بولغان. مۇسۇلمانلار بىلەن دىنىي مەسىلىلەردە بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارغان گۇرۇپپىلارنىڭ بېشىدا خىرىستىيانلار كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئەمەۋىلەر دەۋرىدە خەلىپىلەرنىڭ شەرقىي خىرىستىيان ئالىملىرى بىلەن دىيالوگ ئورناتقانلىقى، سارايلىرىدا ئۇلارغا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن بىرى بولغان يۇھەننا ئەددىمەشقىنىڭ ئىسلامنى تەنقىد قىلىپ بىر كىتاب يازغانلىقى بىلىنىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلىقىغا ئالاقىدار دەۋالارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرئاندا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە «ئاللاھنىڭ كەلىمىسى» دەپ زىكرى قىلىنىشىنى ۋە ئىلاھىي كەلىمىلەرنىڭ ئەزەلىي بولۇشى لازىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «قۇرئاننىڭ مەخلۇق» ئىكەنلىكى ۋە «ئاللاھنىڭ زاتى - سۈپىتى» گە مۇناسىۋەتلىك تالاش - تارتىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا خىرىستىيان ئالىملارنىڭ قىسمەن رولى بارلىقى قوبۇل قىلىنماقتا. خىرىستىيانلاردىن سىرت يەنە، باشقىلارنى ئاللاھقا ئوخشىتىش ۋە جىسىملارنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىشكە دائىر مەسىلىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تالاش - تارتىش قىلىنىشىدا يەھۇدىيلارنىڭ رولى بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان يىپ ئۇچلىرى بار. دەرۋەقە، يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مەخلۇقلارنى ئاللاھقا ئوخشىتىش ئەقىدىسى مەسىلىسىدە ھەددىن توقۇپ چىققانلىقى ھەممىگە ئايان. يەنە يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «سەبەئىييە» ۋە «غالىييە» گە ئوخشىغان ئاشقۇن پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ قوللىغۇچىلارغا ئېرىشىشىدە بىۋاستە رول ئوينىغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سەنەۋىييە، مەجۇسىيلىق، دەيسانىيلىق، براخمانىزم قاتارلىق قەدىمكى شەرقىي دىن ئەھلىلىرىنىڭ «روھلارنىڭ كۆچۈشى» ۋە باشقا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىغانلىقى، سانى ئاز بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ بارلىقى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان. يات

دىنلارغا مەنسۇپ ئالىملارنىڭ ئىسلامنى تەنقىد قىلىشتا پەلسەپىدىن، بولۇپمۇ يۇنان تەسەۋۋۇرىدىن پايدىلىنىشى مۇسۇلمان ئالىملارنىمۇ پەلسەپە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە يۈزلەندۈرگەن. مۇسۇلمانلار پەتھى قىلغان مىسىردا يۇنان پەلسەپىسى ئىسكەندەرىيە سۇلۇكىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تارقالغانىدى. بۇنىڭ سىرتىدا پەلسەپىۋى ئەسەرلەرمۇ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىدە شەكىللەنگەن مەسىلىلەر بىۋاستە ۋەھيىنىڭ مەنبەسىدىن ئېلىنغان جاۋابلار ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى.

ساھابىلەرنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان رىۋايەتلەرمۇ بار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بارلىقى بايان قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمىگەنلەرنى ئەيىبلىگەن، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى تەقدىر مەسىلىسىنى تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، بۇنداق پايدىسىز تالاش - تارتىشنى مەنئىي قىلغان. يەنە ئۇنىڭ ئەمرلىرى ۋە ۋەز - نەسىھەتلىرىگە ئىتائەت قىلغان ساھابىلەر ۋەھيي مەنبەسىدىن كەلگەن بايانلار ۋە ۋەز - نەسىھەتلەردىن كۆڭلى تەسكىن تاپقان، بولۇپمۇ «ئۇلۇھىيەت (ئىلاھلىق) كە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ سىرىنى يېشىشكە ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ» دەپ قاراپ، پۈتۈنلەي ئاللاھقا تەسلىم بولۇش (يەنى بارلىق ئەمر - پەرمانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش)قا ئاساسلىنىدىغان ئىمان ئەقىدىسىنى تاللىغان ۋە قاتتىق ئېتىقادىي تالاش - تارتىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان، بۇ ئارقىلىق ئىختىلاپ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالغان. بىراق رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېڭى بىر دىنىي مەسىلە ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەر بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمنى تېپىپ ئېلان قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەپ بىلگەن. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكات بېرىشتىن باش تارتقانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «تەقدىر ئەقىدىسى ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى يوقىتىپ، ئويلىماستىنلا ھەرىكەت قىلىشىغا يول ئاچىدۇ» دېگەن قارىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈشى ۋە ھەقىقەتىنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنسانغا ئائىت ھېچبىر ھەرىكەتنىڭ تەقدىرنىڭ سىرتىدا قالالمايدىغانلىقىنى، ئىلاھىي تەقدىرنىڭ ئىنساننى ئىرادە ۋە ھەرىكەت كۈچىدىن مەھرۇم قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىشى، بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ پەلسەپىدە ساھابىلەرنىڭ ئېتىقادىي ساھەدە قاتتىق تالاش - تارتىشلارنى ئېلىپ بارغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مەلۇماتلار يوق. ئەدۇدۇددىن ئىجى بولسا ساھابىلەر ئارىسىدا بۇنداق تالاش - تارتىشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلغان بولۇش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى، بىراق يېزىپ قالدۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى زامانىدا مەيدانغا كەلگەن جەمەل ۋە سىففىن ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن ئىسلام ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتى

www.uyghurkitap.com

بولمىغان ۋە خەلىپىنى ھۆكۈمچى ۋەقەسىگە رازى قىلىپ، ئاندىن ئۇنى بۇ ئىش سەۋەبلىك كاپىرغا چىقارغان بەدەۋىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى ئېتىقادىي ئايرىلىش يولىغا مېڭىشىغا سەۋەبچى بولغان. چوڭ گۇناھ قىلغان كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن باشلانغان ۋە دەلىللەرگە يۈزەكى قارايدىغان بۇ ھەرىكەت «خاۋارىجلار» دەپ ئاتالغان بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغان، ئارقىدىن ھەر خىل پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئەمەۋىلەر دەۋرىدە چوڭ گۇناھ قىلغانلارنى كاپىرغا چىقىرىدىغان خاۋارىجلارنىڭ دەل ئەكسىچە سەئىد ئىبنى جۇبەير، جۇبەير ۋە سەئىد ئىبنى قۇتنە چوڭ گۇناھ قىلىشنىڭ كىشىنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئىمانغا زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «مۇرجىئە» دەپ تونۇلغان يېڭى بىر پىرقىگە ئاساس سالغان. تۇنجى قېتىم ئەبۇ يۇنۇس ئەلئەسۋارى، مابەد ئەلجۇھەنى ۋە ئاتا ئىبنى يەسار ئەمەۋى ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەجبۇرىيەت ئەقىدىسىنى رەت قىلىپ، ئىنساننىڭ نامە - ئەماللىرىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قىلىدىغانلىقى ۋە كىشىنى بىر ھەرىكەتنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر تەقدىرنىڭ يوقلۇقى پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، جاد ئىبنى دىرھەم مەجبۇرىيەت پىكرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە قۇرئاننىڭ مەخلۇق بولۇشى، ئىلاھىي سۈپەتلەرنىڭ بولماسلىقى، ماددىنىڭ مەدەنلەر ۋە ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولالمايدىغان ۋە مەۋجۇت بولۇشى باشقا بىر ئاساسقا موھتاج بولغان نەرسىلەردىن مەيدانغا كېلىشىگە ئوخشىغان يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا تاشلىغان.

شامدا جەيلان ئەددىمەشقى، مابەد ئەلجۇھەنىنىڭ ۋە سەئىد ئىبنى قۇتنەنىڭ پىكىرلىرىنى، مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمانغا ئائىت باشقا نەرسىلەرنى ئاللاھقا ئوخشىتىش ۋە جىسىملارنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىش قاراشلىرى كەڭ تارقالغان خوراساندىمۇ جەھم ئىبنى سەفۋان جاد ئىبنى دىرھەمنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسلى مەنبەلەرنى بۇنىڭغا ۋە ئەقلىي دەلىللەرگە ئاساسەن ئانالىز قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، «جەھمىييە» سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى جەھم ئىبنى سەفۋان ئەقلىي دەلىللەردىن ھالقىپ، ئۇلارنى ئەقىلگە تايىنىپ ئانالىز قىلىنىدىغان قىلغان. بۇ مېتود ئارقىلىق ئۇلۇھىيەت، ئاخىرەت ۋە باشقا مەسىلىلەردە يېڭى ئېتىقادىي قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە كالام مېتودىنى ئىشلەتكەن تۇنجى ئالىم ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛ بۇ مېتودنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرىدىغان مۇئتەزىلەنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. بەسرەدە ھەسەن بەسرىنىڭ ئوقوغۇچىلىرىدىن ۋاسىل ئىبنى ئاتا چوڭ گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ ئىمان بىلەن كۇفرىلىق ئارىسىدا قالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى مەنبەلەرنى ئەقىلگە تايىنىپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق مۇئتەزىلە ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كالامغا دائىر تۇنجى ئەسەرنى ئىبنى ئاتا يازغان. مۇئتەزىلە ئېقىمىنىڭ مەنبەلىرىدە ۋاسىل ئىبنى ئاتانىڭ قاراشلىرىنىڭ ئەبۇ ھاشىم ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيەنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاساسلىنىدىغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر بار بولسىمۇ، ئەمما بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان

باشقا مەلۇماتلار يوق. 120-100 - (718 - 738 - ) يىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ھەرىكەت ئامىر ئىبنى ئۇبەيد، ئىبنى كەيسان ئەلئەسام، زىرار ئىبنى ئامىر، ئەبۇل ھۇزەيل ئەلئەللاف، نەززام، جاھىز، بىشىر ئىبنى مۇئتەمىر، جەئفەر ئىبنى ھەرب، جەئفەر ئىبنى مۇبەششىر، ئەبۇل ھۇسەيىن ئەلھەييات، ئەبۇ ئەلى ئەلجۇببەي، كەئبى، قادى ئابدۇلجەببار، ئەبۇ رەشىد ئەننىسابۇرى قاتارلىق ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىپ، مۇھىم كالام ئېقىمىغا ئايلانغان. «بەسرە كالامچىلىرى» ۋە «باغداد كالامچىلىرى» دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان مۇئتەزىلە ئالىملىرى تەپسىلاتلاردا ئوخشىمىغان قاراشلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە، مەنبەلەرنىڭ ئەقىلگە تايىنىپ ئانالىز قىلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كەلگەن. يەنە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، زاتىدىن ئايرىپ قارىلىدىغان ئاللاھنىڭ ئەزەلىي سۈپەتلىرىگە ئاساسلىنىدىغان يېگانە ئىلاھلىقىنى ۋە «ئىنسانلار ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە» دېگەن پىكىرگە ئاساسلىنىدىغان ئىلاھىي ئادالەتنى ئەقلىي مەلۇماتلار ئارقىلىق دەلىللەش، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ چەك - چېگرالىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا ئەقىلنىڭ تەسىر كۈچىنى قوبۇل قىلىش، چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن كىشىنىڭ ئىماندىن چىقىپ كۇفرىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسىتىدە بەندە ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغاننى كۆزىتىشنى مەجبۇرىيەت دەپ قاراش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىق ئاساسىي پرىنسىپلاردا ئورتاق پىكىرگە كەلگەن. تەبىئەت پەلسەپىسىدە بولسا كۆپ سانلىق ئالىملار ئاتوم نەزەرىيەسىنى قوبۇل قىلغان.

كالام ئىلمىدىن جەھمىيە ۋە مۇئتەزىلە ئېقىملىرىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن كېيىن سەلەفىيە، سۈننىي كالام ئېقىملىرى ۋە ئىمامىيە-ئىسنائەشەرىيە كالامى ئوتتۇرىغا چىققان. شىئە ئالىملىرى «كالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە جەئفەرى سادىق قاتارلىق ئەھلى بەيتكە مەنسۇپ ئىماملارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق باشلانغان» دەپ قارايدۇ ھەمدە شەيخ سادىقۇل قۇداتۇلنىڭ «ئىمامىيە» ناملىق ئەسىرى بىلەن شەيخ مۇفىدنىڭ «تەسھىھۇل ئېتىقاد» ناملىق ئەسىرىنىڭ بۇ مەسىلىدە يېتەرلىك دەلىل بولالايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پەلسەپە ساھەسىدە شىئەگە نىسبەت بېرىلگەن تۇنجى كالامچى ھىشام ئىبنى ھەكەمدۇر. شىئە كالامى بولۇپمۇ دىنىي يولباشچىلىقنى مەركەز قىلىدىغان بىر ئېقىمدۇر. مۇئتەزىلەدىن تۇغۇلغان بۇ ئېقىمنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى ئاساسىي جەھەتتىن دىنىي يولباشچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

كالام ئېقىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن كېيىن كۆپىنچىسى ھەدىسشۇناسلاردىن تەشكىل تاپقان مۇھاپىزىكار ئالىملار كالام ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، قۇرئان ۋە سۈننەتكىلا ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئەقىلنىڭ ياكى شىئە ئېقىمىغا ئوخشاش سىياسىي تاللاشلار ئارقىلىق ئانالىز قىلىشقا قارشى چىققان. III (IX) ئەسىردە ئۈچۈق - ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەھلى سۈننەت ئېقىمى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەسلەپكىسى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ يولباشچىلىقىدا، ھەمدە بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى قۇتەيبە، ئەبۇ سەئىد ئەددارىمى قاتارلىق ھەدىسشۇناسلارنىڭمۇ تۆھپە قوشۇشى بىلەن تەرەققىي قىلغان سەلەفىيەدۇر. بۇ ئېقىم پەقەت مەنبەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەقلىي مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىشنى رەت قىلغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەنسۇپلىرىنىڭ سانى ئازىيىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭغا ھەر ئەسىردە ئوخشىمىغان ئالىملار ۋەكىللىك قىلىپ ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەنبەلەردىن ئورۇن ئالغان ئەقلىي مەلۇماتلار بىلەن ئەقىلچىلىقتا چەكلىك دائىرىدە ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان؛ تەبىئەت پەلسەپىسى، ئۇلۇھىيەت ۋە ئىمان مەسىلىلىرىدە ئاساسلىق قاراشلىرىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۆزگىچە بىر خىل ئېقىمغا ئايلىنىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆز كىملىكىنى قوغداپ قالغان.

ئەھلى سۈننەتنىڭ ئىككىنچى ۋە ئەڭ چوڭ گۇرۇپپىسىنى «ئەشئەرىيە» ۋە «ماتۇرىدىيە» دىن ئىبارەت سۈننىي كالام ئېقىمى تەشكىل قىلىدۇ. مەنبەلەرنى ھەرىكەت نۇقتىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە، دىنىي پرىنسىپلاردا ئەقلىي مەلۇماتلار ۋە تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىدىغان ئانالىز قىلىش مېتودىنى تاللىغان سۈننىي كالام ھەرىكىتىنىڭ III (IX) ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ھارىس ئەلمۇھاسىبى، ئىبنى قۇللاب ئەلبەسرى ۋە ئابدۇلئەزىز ئەلمەككىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى بىلەن باشلانغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىن. بۇلاردىن كېيىن مۇستەقىل سۈننىي كالامچىلار سۈپىتىدە ئەبۇل ئابباس ئەلكالانىسى ۋە ئەبۇ ئەلى ئەلكەرابىسى دىققەت قوزغايدۇ. شۇ دەۋرلەردىكى سۈننىي كالامنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئۇيمانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەسلى ئاساسچىسى ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىدۇر. مۇئتەزىلە ئېقىمىنىڭ مۇھىم ئالىملىرىدىن ئەبۇ ئەلى ئەلجۇببانىدىن كالام دەرسلىرى ئالغان ۋە ٤٠ ياشقىچە مۇئتەزىلە ئېقىمىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرغان ئەشئەرى، «ۋۇجۇب ئەلەللاھ» پرىنسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇئتەزىلەنىڭ قاراشلىرىنى مەنبەلەردىن سىرت، يەنە ئەقلىي مەلۇماتلارغىمۇ زىت دەپ قاراپ، بۇ ئېقىمدىن ئايرىلغانلىقىنى ۋە ئەھلى سۈننەت ئېقىمى تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ئەشئەرى ئەقائىد مەسىلىلىرىدە ھەدىسلەرنىڭ دەلىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىنى قوبۇل قىلغان، ئەسسىفاتۇل مەئانى (سۈپەتلەرنىڭ ئۇقۇملىرى)نى دەلىللەپ چىققان، ئىنسانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر ئىشنىڭ تەقدىرنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ كەسپ ۋاستىسى ئارقىلىق قىلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قوبۇل قىلغان، مۆمىنلەرنىڭ جەننەتتە ئاللاھنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى مەنبەلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋاللىرىنىڭمۇ ئەقلىي جەھەتتىن تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن، چوڭ گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئىماندىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە خۇلەپائى راشىدىننىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. ئەشئەرى ئادەتتە مۇئتەزىلە تەرىپىدىن

رەت قىلىنىدىغان بۇ قاراشلارنى ئەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق دەلىللەشكە تىرىشقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاتوم نەزەرىيەسىگە ئاساسلىنىدىغان تەبىئەت پەلسەپىسىنى ئەھلى سۈننەت ئېقىمىنىڭ قاراشلىرىغا داخىل قىلغان.

يەنە بىر ئالىم ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى ئەشئەرىدىن ئىلگىرىمۇ ماۋارائۇننەھر ئەتراپىدا سۈننىي كالام ئېقىمىنى قۇرغان. ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئىلىم ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ بولغان ماتۇرىدى ئەشئەرىيەگە سېلىشتۇرغاندا كالامدا ئەقلىگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر مېتودنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ ئومۇملاشتۇرغان ۋە سۈننىي ئەقىدىنى تېخىمۇ قانائەتلىنەرلىك مەلۇماتلار ئارقىلىق دەلىللەشكە تىرىشقان، شۇ سەۋەبتىن ئۆزى ئاساس سالغان ئېقىم بولغان ئەشئەرىيە بىلەن مۆتەزىلەنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنى ئەقىلچىلىقتا مۆتەزىلەگە تېخىمۇ يېقىن دەپ قاراپ، ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ فىقھىي مەزھىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەن. ماتۇرىدى مەلۇمات مەسىلىسى، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى دەلىللەش، ئىلاھىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھېكمەتلىك بولۇشى، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە جاۋابكار قىلىنىشى، پەيغەمبەرلىكنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئىماننىڭ دىندىكى ئورنىنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، بولۇپمۇ مۆتەزىلە ئېقىمىنىڭ كالامىنى تەنقىد قىلغان. ماتۇرىدىنىڭ يەكۈن چىقىرىش شەكىللىرى، بۇ جەرياندا پايدىلانغان تۈرلۈك ماتېرىياللىرى ۋە كەلتۈرگەن مىساللىرى كېيىنكى سۈننىي كالام ئەسەرلىرى ئۈچۈن ئۆلگە ياراتقان.

سۈننىي كالام ئېقىمىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پاراللېل ھالدا بىر تەرەپتىن كىندى ۋە فارابى بىلەن پەلسەپە ئەنئەنىسىگە باغلىق قاراشلار ئىسلام دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەسەۋۋۇپچى قاراشلار سۇفىيە ئېقىمى بىلەن قۇرۇلمىلىشىشقا باشلىغان. IV (X) ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئىسلام دۇنياسىدا شەرقتە ماتۇرىدىيە، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ئەشئەرىيە ئالىملىرى ۋە بەزى ھۆكۈمدارلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە سۈننىي كالام تەدرىجىي كەڭ ئومۇملاشقان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ % ٩٠ دىن كۆپرەك مۇسۇلماننى ئۆز قوينىغا ئالغان بۇ ئېقىم كېيىنكى ئەسىرلەردىمۇ كالام ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

غەززالىنىڭ ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە مەنتىق ئىلمىنى ئىسلامىي ئىلىملەرگە داخىل قىلىشىدىن كېيىن، كالامنىڭ مەزمۇنىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا بېيىشقا باشلىغان، ھەم سىرتتىكى ھەم ئىنسان زېھنىدىكى مەۋجۇت مەۋجۇدىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئالاقىسى بار بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن، كالامنىڭ مەزمۇنى «مەلۇمات ساھەسىگە كىرىدىغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى» قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ سايىدا شۇ دەۋردىن ئېتىبارەن كالام ئىلمىدىكى دەلىللەش ۋە مەنتىققە ئاساسەن چىقىرىلىدىغان ھۆكۈملەر ئارقىلىق توغرا يەكۈن چىقىرىش نىشان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

فەتھى ھەربكەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېتىقاد، پەلسەپە ۋە مەدەنىيەتلەرگە ئىگە مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشىدىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلام دىنىغا قارىتا ياخشى نىيەتلىك ياكى يامان غەرەزلىك پىكىرلەر كۆپىيىشكە باشلىغان. دىنىنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە تېررىتورىيەسى ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە كېڭەيگەن مۇسۇلمانلار دۆلىتىنىڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن تەنقىدلەرگە II (VIII) ئەسىردىن ئېتىبارەن مۇئتەزىلە ئالىملىرى جاۋاب بېرىشكە باشلىغان. ئومۇمەن مۇھاپىزىكار ئالىملار كۆڭۈل بۆلگەن بۇ ئىلمى پائالىيەتنى كېيىنچە سۈننىي كالامچىلار داۋاملاشتۇرغان. بۇ دائىرىدە خرىستىيانلىق، يەھۇدىيلىق، مەجۇسىيلىق، سەنەۋىيە (دۇئالىزم)، مانى دىنى، براخمانىزم قاتارلىق دىنىي ئېقىملار ۋە دەھرىيلىك، يېڭى ئەفلاتۇنچىلىق، ناتۇرالىزم قاتارلىق پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىش كالام ئىلمىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىغا ئايلانغان.

كالامچىلارنىڭ مۇتەقەددىمىن[1] دەۋرى ئەشئەرىيەدە غەززالى، ماتۇرىدىيەدە ئەبۇلمۇئىمن ئەنەسەفى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. باقىللانى، ئىبنى فۇرەق، ئەبۇبەكرى ئەلبەيھەقى، جۇۋەينى، ھاكىم ئەسسەمەرقەندى، ئەبۇ سەلەمە ئەسسەمەرقەندى، ئەبۇل يۇسر ئەلبەزدەۋى ۋە ئەبۇلمۇئىمن ئەنەسەفى قاتارلىقلار شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم كالامچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇتەقەددىمىن كالامىنىڭ ئەڭ يارقىن ئالاھىدىلىكى، كلاسسىك مەنتىق ۋە پەلسەپىدىن يىراق تۇرۇپ، ئاخىرقى تەھلىلدە مەنبەسى قۇرئانغا ئاساسلىنىدىغان ئەقىلچىلىق ئارقىلىق ئىسلامىي پرىنسىپلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشى، ئىسلامىي مەنتىق ۋە ئۇسۇل ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدۇر. شۇڭا، شۇ دەۋرنىڭ كالامى پەلسەپىۋى بىر مېتافىزىكا بولۇشتىنمۇ بەكرەك ئۇسۇلۇددىن (دىنىنىڭ ئاساسلىرى) ئىلمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دائىرىدە نەقلىي ۋە ئەقلىي دەلىللەردىن تەشكىل تاپقان ۋە ھەممىنى قايىل قىلالايدىغان ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش مېتودى قوبۇل قىلىنغان، تەمسىلى قىياس، قىياسۇل غەيب ئەلەش شاھىد (سېزىمنىڭ سىرتىدىكى مەۋجۇدىيەتنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئالەم بىلەن سېلىشتۇرۇش)، سەبر ۋە تەقسىم (ئېھتىماللار ئۇستىدە بەس - مۇنازىرە يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى)، ئىنئىكاسۇل ئەدىللە (دەلىلنىڭ كۈچكە ئىگە بولماسلىقى بىلەن مەسىلىنىڭمۇ ئىناۋەتسىز قوبۇل قىلىنىشى) قاتارلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىنئىكاسۇل ئەدىللە ئېقىملارنى ئىسپاتلاشتا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان دەلىللەرنىڭ ئېتىقادنىڭ ئاساسىغا ئوخشاشلا قوبۇل قىلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇ دەۋردە ئاللاھنىڭ بارلىقى «بارلىققا كەلتۈرۈش» دەلىلى ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە بولۇپمۇ سۈپەت ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن، مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان) ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، مۇتەۋاتىر (ئارقىمۇئارقا داۋاملاشقان) بولمىسىمۇ قوبۇل قىلىنغان مەلۇمات پرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا - بەزى ئاھاد رىۋايەتلەر نەقلىي دەلىللەر ئارىسىغا قىستۇرۇلغان. ئۇلۇھىيەت، پەيغەمبەرلىك ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى

(1) مۇتەقەددىمىن - ئىمام غەززالىغىچە بولغان ئالىملار.

ئىسسىپاتلاش مەقسىتىدە ئاتوم نەزەرىيەسىگە ئاساسلىنىدىغان تەبىئەت پەلسەپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ئارقىلىق ئادەتتىكى ئەھۋاللاردىمۇ سەۋەب - نەتىجە ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكى رەت قىلىنغان. شۇ دەۋرنىڭ كالامچىلىرى مەزھەپ ئاساسچىلىرىنىڭ قاراشلىرىنى دوگمىلاشتۇرۇشقا يۈزلەنگەن، مەنتىق ۋە پەلسەپىنى پىششىق بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن بۇ ئىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك تەنقىدلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن.

## تەسەۋۋۇپ

تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئىسلام ئەخلاقىنىڭ دۇنياۋى نىشانلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا قويۇق مەنىۋى مۇھىت ئاستىدا ياشىشى ۋە دىلنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن پاكلىنىپ، پەيغەمبەر يەتكۈزگەن ئىلاھىي مەلۇماتنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇش مەنزىلگاھىغا يۈزلەنگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئاللاھ، ئالەم ۋە ئىنسان ھەققىدە مەنىۋىي تەجرىبىگە ئاساسلىنىدىغان مېتافىزىكىلىق نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ جەزبىدارلىق يەنە بىر تەرىپى، ئىنساننىڭ كۆڭۈل دۇنياسىغا خىتاب قىلىش نىشانىغا يەتكەن سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ تىلىغا خاس (شېئىر خاراكتېرلىك) بىر خىل ئىپادىلەش مېتودىنى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە ئىسلام سەنئىتىنىڭ كۆپلىگەن تارماقلىرىغا ئىلھام مەنبەسى تەشكىل قىلىشىدۇر.

ئىسلام دىنى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان تەسەۋۋۇپقا خاس تەسەۋۋۇر ھىندىلارغا خاس تەركىدۇنيالىق، خىرىستىيانلارغا خاس خۇداگۇيلۇق قاتارلىق قويۇق مىستىكىلىق ئېغىشلارغا يول قويمايدۇ؛ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشنى، دۇنيا ئۈچۈن ئىشلەشنى ۋە دۇنيا نېمەتلىرىدىن قانۇنلۇق ۋە مۇۋاپىق ھالەتتە بەھرىمەن بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلچەمگە لايىق زاھىدلىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ بۇ ھاياتقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تويغۇدەك ئارپا نېنى يېمەستىن بۇ دۇنيادىن كەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى ئالەم بولۇپ، ئەسلىدە ئەبەدىي ھايات ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتتۇر. شۇڭا، بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى نېمەتلەر ۋە ئىمكانىيەتلەردىن پانىي خوشنۇدلۇق ئۈچۈن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلاردىن ئەبەدىي ھاياتتىكى نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن پايدىلىنىش شەرت.

قۇرئان كەرىم ئىسلام مۇجاھىدلىرىغا فەتھلەر سايىسىدا ئۇلارنىڭ كۆپ مىقداردا غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا سان - ساناقسىز غەنىيمەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىبادەتلەر ۋە ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقنىڭ نىيەت ۋە

ئىخلاسقا ئوخشىغان ئېيسىل خىسلەتلەر ئارقىلىق قىممەتكە ئېرىششى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋىجدانىدا چوڭقۇر دىنىي ئەندىشە ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى (تەقۋادارلىقنى) يېتىلدۇرۇشىنىڭ، ئىنسانىنىڭ «ھەۋۋا» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان نەپسىنىڭ ئازدۇرغۇچى ئېغىش ۋە قايناق ھېسسىياتلىرىغا قارشى ئىزچىل ھوشيار ھالەتتە تۇرۇشى، تەقدىر ۋە ئاللاھقا پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇش ئەقىدىسى، قېرىنداشلارچە مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى، مەۋجۇدىيەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئالەمنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئۇقۇمنى چۈشىنىش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىدە بىرلا ئاتا ـ ئانىدىن كەلگەن بىر ئائىلە ئىكەنلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار ئىسلام دۇنياسىدا تەسەۋۋۇپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. بۇنىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن سىياسىي ئىختىلاپلار، ئىچكى ئۇرۇشلار، بېسىم ۋە زۇلۇم ـ ستەملەر؛ سائادەت دەۋرىدىكى تەقۋادارلىق، زاھىدلىق، تەۋەككۇل، قانائەتچانلىق، سۆيگۈ، پىداكارلىق قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئاساسلىنىدىغان ھايات ئېڭىنىڭ ئورنىغا مەنمەنچىلىك، دۇنياپەرەسلىك ۋە ھەشەمەتچىلىك قىزغىنلىقىغا ئالماشقانلىقىغا ئىشارەت قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر باشتىن تارتىپلا تەركىدۇنياچىلىق ھاياتىغا مايىل بولغانلار ئارىسىدا قاتتىق ئەندىشە پەيدا قىلغان.

ئىبنى خەلدۇن «تەسەۋۋۇپنىڭ تۇغۇلۇشىدا ئەنە شۇنداق مۇھىم سەۋەبلەر تۈرتكىلىك رول ئوينىغان» دەپ قارايدۇ. گەرچە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خىرىستىيانلىق، يېڭى ئەفلاتۇنچىلىق، بۇددىزم، ئىران گنوستى مۇخلىسلىرى قاتارلىق دىنىي ئېقىملار ۋە مەدەنىيەتلەر ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسەۋۋۇپ ھەرىكەتلىرىدىن يۆنىلىش ۋە شەكىل قوبۇل قىلىشتا، تەسەۋۋۇپقا خاس تەسەۋۋۇر ۋە ھايات قاراشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پەلسەپىۋى تەسەۋۋۇپنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئاساسىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بارلىق تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى بىلەن باشقا مۇسۇلمان ئىلىم ئەھلىلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىسلامنىڭ ئىچكى دىنامىكىلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ؛ شەرقشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي سالاھىيتىنى قۇرئاندىن ئالمىسا ۋە قۇرئان ئارقىلىق دەلىللەش مۇمكىن بولمىسا ئىدى، ئەھمىيەتسىز بىر قاراشتىن باشقا نەرسىگە ئەسقاتمىغان، بولۇپمۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ تەرىقەتلەر ھالىتىدە قۇرۇلمىلىشىشى مۇمكىن بولمايتتى. دەسلەپكى دەۋر زاھىدلىرىدىن ئېتىبارەن تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرى پىكىرلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى قۇرئانغا ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئىبنى خەلدۇن «ئىبادەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش، ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتاپ، پانىي دۇنيانىڭ ھەشەمەتچىلىكىدىن يۈز ئۆرۈش، ئىنسانلار ئەھمىيەت بېرىدىغان لەززەت، مال ـ مۈلۈك

ۋە مەرتىۋە ئالدىدا تەقۋادارلىق يولىنى تاللاش ۋە كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش» تەرىقىسىدە خۇلاسىلىگەن هايات تەرزىنىڭ ساهابىلەر ۋە سەلەفىيلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ قاراشنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ II (VIII) ئەسىردىن ئېتىبارەن «سۇفىيە» ۋە مۇتەسەۋۋىفە» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بىراق كېيىنچە بۇ ئىسىملەرنى ئىشلىتىشنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى هەممىگە ئايان، ئەلۋەتتە.

دەسلەپكى چاغلاردا، بولۇپمۇ بەسرەدە هەسەن بەسرىنىڭ ئەتراپىدا شەكىللەنگەن زاهىدلىق هەرىكىتىدە ئاللاھ ۋە ئاخىرەتتىن قورقۇش هەمدە بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان غەم -قايغۇ تۇيغۇسى مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان تەسەۋۋۇپ قارىشى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان؛ بۇ قاراش هەسەن بەسرىنىڭ مۆتىۋەر شەخسىيىتى، مىسلىسىز مەدەنىيىتى ۋە تەسىرى كۈچلۈك نۇتۇقلىرى سايىسىدا بەسرەدىن هالقىپ، خوراساندىن مىسىرغىچە، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ تۆرلۈك رايونلىرىغىچە كەڭ تارقالغان.

بىراق ئايال سوپى رابىيە ئەدەۋىيەنىڭ تەسىرىدە يەنە بەسرەنى مەركەز قىلغان ئاللاھتىن قورقۇش ۋە غەم - قايغۇدىنمۇ بەكرەك ئاللاھ سۆيگۈسىنى، ئۈمىد ۋە ئىشەنچگە ئاساسلىنىدىغان يېڭى بىر ئېقىم ئوتتۇرىغا چىققان. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامنىڭ ئېتىقادىي مەسىلىلىرىگە دائىر كالام ئىلمى؛ ئىبادەتلەر، هالال - هارام ئىشلار، قانۇن ۋە سىياسەت قاتارلىق رېئال ساهەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك فىقھى ئىلمى شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئىنساننىڭ كۆڭۈل ۋە هېس - تۇيغۇ دۇنياسىنى بېيىتىش، روهىي دۇنياسى ۋە ئەخلاقىي تەرەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. تەسەۋۋۇپ دەسلەپتە بىر زېهنىي هەرىكەتتىن ئەمەس، كۆڭۈل هەرىكىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ هەرىكەت ئاساسلىق ئىككى خىل لىنىيەنى بويلاپ تەرەققىي قىلغان. ئەبۇ سەئىد خەرراز، جۈنەيدى باغدادى، هارىس مۇهاسىبى، سەرراج، كىلابازى، قۇشەيرى ۋە غەززالى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ ئەهلىلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سۈننىي خاراكتېرلىك بىرىنچى لىنىيە، ئەنئەنىۋى ئىسلامنى قوغداش ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەر بىلەن ماسلىشىش يولىدا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بايەزىدى بىستامى، هاكىم تىرمىزى، هەللاجى مەنسۇر، ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير، ئىبنۇل ئەرەبى، ئىبنۇل فارىز قاتارلىق تەسەۋۋۇپ ئەهلىلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككىنچى لىنىيە، ئاساسىي جەهەتتىن يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى هەر ساهەدە هەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالەمشۇمۇل هەقىقەتكە يېتىش هوقۇقىغا ئىگە دەپ قارايدىغان، شۇ ۋەجىدىن، يات - يات ئەنئەنىۋى دىنىي ۋە ئەقلىي ئىلىملەرگە سەل قاراپ، دىنىنى، مەۋجۇدىيەتنى، كائىناتنى، يارىتىلىشنى ۋە ئىنساننى قايتىدىن شەرھلەيدىغان ۋە بۇنىڭغا ئۇيغۇن بىر هايات پەلسەپىسى شەكىللەندۈرىدىغان بىر تەسەۋۋۇر هەرىكىتىگە ئايلانغان. بۇ دائىرىدە دەسلەپتە زاهىدلىق، ئىبادەت، تەقۋادارلىق، تەۋەككۇل، ۋەسىلە، پېقىرلىق، جىهاد قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ئورۇن ئالغان ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىپ، بۇلارغا مەنىۋى تەرىپى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان، سۈننىي ئەنئەنىلەر بىلەنمۇ توقۇنۇشمايدىغان مەنىلەر بېرىلگەن، شۇنداقلا بۇلارغا ئاستا ـ ئاستا بىلىنىدىغان ئۇقۇملىرىغا ئەنئەنىدە بولمىغان مەزمۇنلارمۇ ئىلاۋە قىلىنىشقا باشلىغان. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەككۇل مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيەسى كەسكىن بولۇشىغا قارىماي، تەۋەككۇل ئاتالغۇسىنىڭ ئۇقۇمىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ دۇنيانى رەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن، ھەتتا بەزى سوپىلار داۋالىنىشنىمۇ تەۋەككۇلغا خىلاپ دەپ قارىغان. يەنە شۇ ئېقىم تەرىپىدىن يامانلىق، ھېرىسمەنلىك، جەزبىدارلىق، ھاراق، مەستلىك، غايىبات، ئىتتىھاد، ۋەھدەت (ئىتتىھاد، ۋەھدەت ـ تەسەۋۋۇپتا باشقىچە ئىزاھلىنىدىغان ئاتالغۇ) قاتارلىق ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت بولغان ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سەۋەبلىك سۈننىي ئۆلىمالارنىڭ، ھەتتا بەزى بىلىملىك تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرىنىڭ تەنقىدلىرىگە ئۇچرىغان يېڭى ئاتالغۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە باشلانغۇچتا زاھىرىي ئەمەللەرگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كەمسىتىدىغان بۇنداق سوپىلار، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ تەسەۋۋۇپ بىلەن بۇ ئەمەللەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىلىملىك تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ كەمسىتىشكە باشلىغان. مەۋلانا جالالىددىن رۇمىمۇ «سوپىلارنىڭ ۋاستىسىز بىلىمى بولسىلا، كىتابىي مەلۇماتنىڭ ئەھمىيىتى يوق»لۇقىنى بايان قىلغاندا، قۇشەيرىنىڭ «ئەررىسالە» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئەبۇ تالىب مەككىنىڭ «قۇتۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنى كەمسىتكەن. پات ـ پات سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىينىچىلىقلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ھۇرۇفىيلىق[1]، بابائىيلىق[2]، قەلەندەرلىك، ھەيدەرىيلىك، مەلامىيلىق، دەرۋىشلىك قاتارلىق ھېتېرودوكس (ئازغۇن) ئېقىملار يېتەرلىك دەرىجىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى ئاشۇ تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن تۇرغۇزغان. بىراق بۇ ئېقىملار ئەبۇ تالىب مەككى، قۇشەيرى بولۇپمۇ غەززالى قاتارلىق تەسەۋۋۇپ ئەھلىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى سايىسىدا، ئومۇمەن سۈننىي ئىسلامدا چىڭ تۇرۇش ۋە بۇنىڭ تۈرتكىسىدە كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەسەۋۋۇپ مەپكۇرىلىرىغا ئېرىشىش سەۋىيەسىگە يېتەلمىگەن.

(1) ھۇرۇفىيلىق ـ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن بىرقاتار ئۇقۇملار ۋە ھۆكۈملەرنى چىقىرىدىغان بىر مەزھەپ.
(2) بابائىيلىق VIIII ئەسىردە بابا ئىسھاق تەرىپىدىن قۇرۇلغان تەرىقەت.


## خۇلاسە

ئىسلام پەلسەپىسى ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە بۇ جۇغراپىيەدە ياشاۋاتقان باشقا پەيلاسوپلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى مەپكۇرىنىڭ ئىسمىدۇر. ھېكمەت ئاتالغۇسى ئىلمىي بىر نەزەرىيە ۋە تەسەۋۋۇر تەرزى بولغان پەلسەپە بىلەن ئوخشاش مەنىدە

ئىشلىتىلىدۇ. ئىسلام پەيلاسوپلىرى پەلسەپىنى، «ئىنساننىڭ كۈچى يەتكەن نىسبەتتە مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىقىنى كېلىش سەۋەبىنى تەتقىق قىلىشى» دەپ ئاتايدۇ.

ئىسلام پەلسەپىسى كالام، تەسەۋۋۇپ ۋە دىنىي ئىلىملەر ئەنئەنىسى، بولۇپمۇ ئۇسۇل ۋە تىل تەتقىقاتلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە ئىچىدىدۇر. بۇ ئالاقە پەقەت ئىسلام مەپكۇرىسىنىڭ ئوخشىمىغان ئىلمىي نەزەرىيەلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە دىنىدىن سىرتقى ئەنئەنە ۋە چۈشەنچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام پەلسەپىسى خىرىستىيانلىق، يەھۇدىيلىق، براخمانىزم، مەجۇسىيلىق، دەھرىيلىك، ناتۇرالىزم، باتىنىيلىق ۋە مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرى قاتارلىق ئىسلامغا يات دىن ۋە تەسەۋۋۇر ئەنئەنىلىرىنىڭ تەنقىدلىرى ۋە ھۇجۇملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئىسلام مەپكۇرىسىدە ئىلىم ئاتالغۇسى «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مەنبەسى ئىلاھىي بولغان مەلۇمات (ۋەھيى)» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى باسقۇچتا «ئىلىم ئاتالغۇسى»نىڭ دائىرىسىگە قۇرئان، ھەدىس، كالام ۋە فىقھى ئىلىملىرى كىرگۈزۈلگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئىلىملەر بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇلارنىڭ ئىسلام تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئالدى بىلەن مۇسبەت بىلىملەر بىلەن، كېيىنچە پەلسەپىۋى بىلىملەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا پاراللېل ھالدا دىنىي چۈشەنچىدىكى چوڭقۇرلىشىش، مۇسۇلمانلارنىڭ زاھىرىي مەنىلىرى ئېتىبارى بىلەن بىر - بىرىگە ئاقائىد ۋە فىقھىي ساھەسىدە زىتتەك كۆرۈنىدىغان ۋە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دەلىللەرنى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقى، ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىلىملەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. بۇ ئالاقە بولۇپمۇ كالام، ئۇسۇل، تىل ئىلىملىرى ساھەسىدە ناھايىتى روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەسرىدە ئەخلاق ئومۇمەن دىنىي پرىنسىپ ۋە قائىدىلەرگە ھەمدە بۇلار ئارقىلىق تەربىيەلەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن چىقارغان يەكۈنىگە ئاساسلىناتتى. II (VIII) ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى، باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە ھەم مېتودلىرى ھەم مەسىلىلىرى ۋە نەزەرىيەلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئەخلاق نەزەرىيەلىرى شەكىللىنىشكە باش- لىغان. كالام ئىلمىدە بەندىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىدىن بەكرەك ئاللاھنىڭ ئىلمى، ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ قىممىتى ھەم نەتىجىلىرى تالاش - تارتىش قىلىنغان، تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ يۈكسەك نىشانى بولغان مەرىپەتۇللاھقا يېتىش ئۈچۈن دىلنىڭ پاكلىنىشى ۋە ئەخلاقنىڭ زىننەتلەشتۈرۈلۈشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.




# خىتايغا تەۋە تۈركىستاننىڭ زېمىن ۋە خەلقى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ تەرجىمىسى

20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلۇق چاقىرىقى ئۇزاققا سوزۇلغان، يوقىتىلغان ۋە قايتا تېپىۋېلىنغان مىللەتلىشىش ھېكايىسى يېزىپ چىقىلدى. ئۇيغۇرلۇق ھەققىدىكى بۇ قىسسە تارىخىي ۋە ئەدەبىي مىراسلار ئارقىلىق بېيىپ، ئۆزىنى پارلاق بىر مەدەنىيەت دەۋرىگە تۇتاشتۇردى، شۇنداقلا ئاخىردا ئاۋامنىڭ ئىناقسىزلىقى ۋە مۇستەملىكە سەۋەبلىك مەھرۇم ھالغا قالغانلىقى بىلەن خۇلاسە قىلىنىدۇ. بۇ شەكسىزكى بىر قايتا تەبىرلەش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاۋانگارتلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرى پاكىت بولۇپ تارىخ ئىسپاتلىغان ئىدى. مەۋجۇت رېئاللىقتىمۇ بۇ ئاۋام ئۇيغۇرنىڭ تەلپۈنۈشلىرىگە ماس ئىدى. شۇڭا بۇ تەتقىقاتنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بىر ئەسلەپ چىقىش ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خىتايغا تەۋە تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بايانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن باشلاش كېرەك. ئۇيغۇرلۇق كىملىكى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر يۇقىرىدىن ۋە تۆۋەندىن، باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن، خىتايغا تەۋە تۈركىستاننىڭ ئىچى ۋە تېشىدىن دېيىلىپ ئەمەلگە ئاشقان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر كىملىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلام ئەنئەنىسى ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىنى تۈرك مەدەنىيىتى ئىچىگە ناھايىتى ئەپچىل جايلاشتۇرغان. بىز بۇنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن شەرقشۇناسلار ۋە تۈركولوگلارنىڭ تۈركلەرنىڭ تارىخىنى قانداق يېزىپ چىققانلىقىغا قاراپ باقايلى.

خىتايغا تەۋە تۈركىستان ھەققىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە دۆلەتنىڭ پۇقرالارنى ئايرىش ۋە بېكىتىش ئىقتىدارى، دىنىنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبلىك يۈز بېرىدىغان مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش، تەتقىقات ئەۋزەللىكى ۋە ئىزچىللىقىنىڭ خەلقلەر ۋە زېمىنلارنى پەرقلەندۈرىدىغانلىقى قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. شىمالىنى تاغلىق قاپلىغان، جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا ئاھالىلەر ياشايدىغان، ھازىر شىنجاڭ دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ دىيار ئۇزۇندىن بېرى تېرىمچىلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ قوشۇلۇش بەلۋىغى بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردىن يۈكسەلگەن ۋە يىقىلغان خانلىقلار بۇ زېمىنىنىڭ تارىخىدا بەلگىلىك ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتساق ئۈچ مەزگىل ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ، مەسىلەن، بىرى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خاراپ بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچىشى، بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چىڭگىز ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولۇشى، 17-18-ئەسىرلەردىكى جۇڭغار موغۇللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ قالدۇق باشقۇرۇش شەكلى ۋە تەسىرى خەلق ئاغزىدا تاكى 1750-يىلى چىڭ سۇلالىسى بېسىۋالغىچە بۇ رايوننىڭ بوشلۇقىدا لەيلەپ يۈرگەن.

## بوزقىردىن ئېكىنگە: ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرىستان

مىلادى 6-ئەسىردە ئۇيغۇر ئىسىملىك بىر چارۋىچى خەلق تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈرك ئىمپېرىيەسى ئارىسىدىكى تۇپراقلارنى ئىستىلا قىلدى. ئۇلار تۈركلەر بىلەن ئورتاق تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى. تۈرك ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا پۇرسەت كەلدى ۋە موڭغۇل دالىسىدا بىر ئىمپېرىيە قۇرۇپ چىقتى. خىتاي تارىخنامىلىرىدە بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى قەبىلىگە مەنسۇپ سەرخىللاردىن تەشكىللىنىپ تاشقى قەبىلىلەرنى ئەتراپىغا توپلىغانلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ ئەل بىر ئەسىر ئەتراپىدا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئاخىرىدا شىمالدىن كەلگەن تاجاۋۇز سەۋەبلىك تارمار بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا كېلىپ تاڭ سۇلالىسى تۇپراقلىرىغا يەرلەشكەن، قالغانلىرى خېشى كارىدورى، گەنجو، قومۇل، تۇرپان ۋە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا دېيىلىۋاتقان زېمىنلارغا ئورۇنلاشقان. قوشنا ئەللەرنىڭ بۇددىزمنى قوبۇل قىلىپ ئۇزاققا قالماي بۇ يەرلەردە گۈللەنگەن ۋە مىللىيلەشكەن بىر بۇددىزم مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرىستان دېگىنىمىز مۇسۇلمان جۇغراپىيە ئالىملىرى قويغان بىر ئىسىم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دېگەن مەنىدە.

گۈللەنگەن مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى بۈگۈنكى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئەتراپىغىچە كېڭەيگەن. خىتايچە مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە ئەزا قارلۇق قەبىلىسىگە ئوخشاش پامىرغا قەدەر يېتىپ بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ دائىرىدە قاراخانىيلار خانلىقى مەيدانغا چىققان بولۇپ بۇ 20 - ئەسىردە شەكىللەنگەن بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ئۈچۈن ئىنتايىن موھىم. قاراخانىيلار تۇنجى بولۇپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە تۈرك ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى داۋام قىلدۇرغان خانلىقتۇر. قەشقەر

ۋە بالاساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان بۇ خانلىق تەكلىماكاننى بويلاپ ھۇجۇمنى باشلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىسلامغا مۇيەسسەر بولۇشىدا موھىم رول ئوينىغان. 11-ئەسىردە قاراخانىيلار بۇددىزم دۆلىتى خوتەننى ئالغان ۋە ئۇيغۇرىستانغا يېقىنلاشقان. ئۇيغۇررىستان (تۇرپان ۋە بەشبالىقنى قوش پايتەخت قىلغان خانلىق) بىلەن بولغان كۈرەش داۋام قىلغان، ئەمما قىتانلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە چىڭگىز ئىستىلاسى بىلەن بۇ ماجىراغا چېكىت قويۇلغان. خوتەن بۇددىستلىرى ۋە ئۇيغۇرىستانغا قارشى كۈرەشنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باغلايدىغان شەھىد ئىماملارنىڭ ساختا قەبرىسى ئالقىشلىق زىيارەتگاھ بولۇپ ساقلىنىپ قالدى. قاراخانىيلار خانى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھەقىقىي قەبرىسى بولسا ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئاۋاتلاشقان.

ئولتۇراق شەھەر ھاياتى ئۇيغۇرىستان ئاھالىسىغا بەخت ياراتتى. 13-ئەسىردىكى موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن يېزىق ئۆگەندى ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئۇستاز تۇتۇپ دۇنياغا كېڭەيدى. ئۇيغۇر يېزىقى ئىمپېرىيەنىڭ دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە موڭغۇللارنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يەرلەرگە يېتىپ باردى. ئۇيغۇرلار يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئەمەلدار ۋە ئالىملىق سالاھىيىتىدە ئەتىۋارلاندى. خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇنداق ئىلىمدار ۋە ئەمەلدار بولغانلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرىستانغا قايتقان، يەنە بىر قىسمى كورىيەگە كەتكەن. بەزىلىرى خىتاينىڭ جەنۇبىدا تۇرۇپ قالغان ۋە بۈگۈنكى تۇڭگانلارنى تەشكىل قىلغان. چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىپ بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روس تۇپراقلىرىغا كەتكەنلەر بۈگۈنكى ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان. بەزىلىرى ئىراندىكى ئىلخانىيلار ۋە ئاناتولىيەدىكى سالجۇقىيلار زامانىدا گەۋدىلىنىپ شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موڭغۇل ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا تەسىرى ساقلانغان، مەسىلەن، ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا كەلگەنلەر ئەرەتنا دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان.

جاي-جايلارغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى بىر مىللەت دەپ قارىغانلىقى ياكى مۇھاجىرەتتىكى جامائەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارماق ئاسان ئەمەس. خىتايغا بارغان ئۇيغۇر ئالىم ۋە سىياسىيونلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويغانلىقى ۋە ئۇيغۇرىستان بىلەن ئالاقىسىنى ساقلاپ قالغانلىقى مەلۇم. ئەمما مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئاجىزلاش بولىدىغانلىقى، سىياسىي ۋە دىنىي كىملىكتە سۇسلاش بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرىستان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي نامى بىلەن ئاتالغان چاغاتاي ئۇلۇسى دائىرىسىدە بولغان. ئەمىر تۆمۈر ئوردىسىغا كەلگەن مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ مەلۇماتىچە تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشىغان. چېن چېڭ (1365-1457) دېگەن ئەلچىنىڭ مەلۇماتىچە ئۇلارنىڭ تىلى

ئوخشاش بىر تۈرك تىلى بولسىمۇ دىنىي ۋە بىر قىسىم ئادەتلىرى پەرقلىق بولغان. مەسىلەن، مۇسۇلمان ئەرلەر چېچىنى قىرقىپ يۇرسە بۇددىستلار ئۇزۇن قويۇۋەتكەن. مۇسۇلمان ئاياللار ئاق كىيىنسە، بۇددىست ئاياللار قارا ياغلىق ئارتقان.

مىڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق پەرقلەرنى ھېسابقا ئېلىپ، قومۇلدىكى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان ئەمەلدارلارغا ساداقەتمەن ۋە ئىتائەتچان خان (جوڭ شۈن ۋاڭ) دېگەن ئاتاقنى ھەدىيە قىلغان. بۇ خانلار قومۇلدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ۋە خالا خۇي (بەلكىم موڭغۇللار بولۇشى مۇمكىن) دېيىلىدىغان كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلىدىغان ئورۇندا بولغان. بۇلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەتكە مەنسۇپ پەرقلەر ئېرىشكە باشلىغان، ئەمما تەشكىلى پەرقلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى خىتاي مەنبەلىرىدە تەكىتلىنىدۇ.

16-ئەسىرنىڭ باشلىرى بولسا مىڭ خاراپ بولغان، ئۇيغۇرىستان مۇسۇلمان بولغان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا قالغان دەۋر ئىدى. مىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى گەنسۇ كارىدورىغا قېچىپ كەتكەن ۋە سۇجۇ (ھازىرقى جاڭ يې)، گەنجۇ قاتارلىق يەرلەرنىڭ يىراق بازارلىرىغا ماكانلاشقان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى غەلىبىسىدىن كېيىن سۇپىلار كېزىپ يۈرۈپ قېلىپ قالغان دىنسىزلارنى ئىمانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆچىگەن. مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئاخىرقى بايان نەقشىبەندى تەرىقىتىگە مەنسۇپ سوپى ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەزكىرەسىدە ئۇچرايدۇ. تەزكىرىدە دېيىلىشىچە ئەۋلىيانىڭ بىر مۇرىتى ياركەنتتىن سۇجۇ (ھازىرقى جاڭ يې) شەھىرىگە سەپەر قىلىپ يولدا ئابدۇساتتار ئىسىملىك بىر قازىنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. ئۇنىڭ قىزى ئېغىر كېسەل بولۇپ ئىسھاق ۋەلى بىر كارامەت كۆرسىتىپ نامايەن بولىدۇ ۋە قىزنى داۋالايدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ كارامەت سەۋەبىدىن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولىدۇ ۋە مۇقەددەس ئەۋلىيا ئىسھاق ۋەلىگە قول بېرىپ مۇرىت بولىدۇ.

ئىسلامغا تولۇق ئېتىقاد قىلىش ئۇيغۇرلارنى تۈرك تىللىق مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا ئايلاندۇرغان بولۇپ، ھاكىمىيەت مەركىزى ياركەنتتە ئىدى، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆلگە تىمۇرىلەر ئوردىسى جايلاشقان سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن ئېلىناتتى. يېڭى ئېتىقاد نەتىجىسىدە تىلمۇ چاغاتاي دېيىلىدىغان بىر يېڭى دەۋرگە كىردى، شېئىرىيەت ۋە تەزكىرىچىلىك گۈللەندى. بۇ جەرياندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قېلىپ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئومۇملاشتى، تىلدىمۇ يۇغۇرۇلۇش بولدى. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە مىڭ ئوردىسىدا تۇرپان، قۇمۇللار بىلەن ئالاقىدار تەرجىمانلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ يېزىقتىكى ئىقتىدارىنىڭ مودىدىن قالغانلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غەربتىكى مۇسۇلمان ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرگە تەقسىم قىلىنغان. بۇ بۆلۈم نەشىر قىلغان تىل كىتابىدا يېزىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئەكس ئەتكەن. مەزكۇر كىتابتىكى سۆزلۈكلەردە تۇرپان ۋە ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىسمىمۇ ئۆزگەرگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، تىل تۈركىي دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتىرلەنسە، يەر تۈركىستان دېيىلگەن.

## تۈرك ـ موغۇل ئەنئەنىسى

ئۇيغۇرىستان دېگەن بۇ سىياسىي بىرلىكنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ دىنى ئىسلام، تىلى تۈركچە بولغان موڭغۇل سەرخىللارنىڭ نامىغا ئۇيغۇن موغۇلىستان دېگەن نام تارقىلىشقا باشلىغان. چاغاتاي ئۇلۇسى دەسلەپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، موغۇلىستان دېگەن سۆزمۇ شىمالدىكى رايونلار ۋە بۈگۈنكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلارنى كۆرسەتكەن. بۇ چاغدا ئۇلارغا نەۋرە كېلىدىغان تېمۇرلەر ماۋارائۇننەھر (سىر ۋە ئامۇ دەريا ئارىسىدىكى رايون) ھۆكۈمدارى ئىدى. دەسلەپ تارىم ۋادىسىغا كۆچكەن موغۇللار ئۆزىنى موغۇلىستاندىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقان. چاغاتايلار تارىم ۋادىسىدىكى ياركەنتتە ئوردا قۇرغاندىن كېيىن موغۇلىستان دېگەن نام بۇ جايلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇ چاغدا كۆچمەن موڭغۇللار ئاللىقاچان ئەسلى كىملىكلىرىنى يوقاتقان بولۇپ، موغۇلىستان دېگەن ناممۇ يازما ئەسەرلەردىلا ساقلىنىپ قالغان.

چاغاتايلار تارىم ۋادىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلاملىشىشىغا ئەسكەرلەر ۋە سوپىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن رەھبەرلىك قىلغان. خوجا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ سوپىلارنىڭ بەزىلىرى يەرلىك بولسىمۇ كۆپىنچىسى بۇخاراغا تەرەپتىن كەلگەن نەقشىبەندى تەرىقىتىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. دەۋىن دېۋىز ئېيتقاندەك، ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى كىملىكىگە ئاساس ياراتتى. 16 ـ ئەسىردە تارىم ۋادىسىدىكى خوجىلار ۋە ھۆكۈمرانلار ئۆزىنى بۇ زېمىندىكى ئىسلامىي ھاكىمىيەتنىڭ ۋارىسلىرى قىلىپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن قاراخانىيلار بىلەن چاغاتايلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولۇشاتتى. بۇنداق بىرلەشتۈرۈش جەريانىغا ئەڭ چوڭ تۆھپە قوشقان كىشى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار دېگەن كىشىدۇر. بۇ كىشى تارىم ۋادىسىنى كېزىپ بۇ زېمىندا ئىسلامنى يايغان قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى بايقىغان ۋە ئۇلارنى چاغاتاي نەسىللىك شاھلار بىلەن باغلىغان، ئۆزىنى بۇ باغنى ئۇلىغۇچى دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ ئىچىدە دېمىسىمۇ ئۆزئارا نىكاھلىنىش، كۆچمىلىك قاتارلىق مۇرەككەپ ئامىللار بولغاچقا ئاق ـ قارىسىنى ئايرىشمۇ ئاسان ئەمەس. 18 ـ ئەسىردىمۇ بۇنداق بىرلەشتۈرۈش داۋام قىلغان بولۇپ، خوجىلاردىن ئۆزىنى خان خوجا دەپ ئاتىغانلار بولغان.

ئىسلامغا كىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى جامائەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تارىخى خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرەلمىگەن. بولۇپمۇ مۇسۇلمان تۈرك ھۆكۈمدارلار ئىرانلىقلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە تايىنىپ تاقابىل تۇرغان. مەسىلەن، سەمەرقەندتىكى تېمۇرلەر ئوردىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قايتىدىن كەڭرى قوللىنىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. گەرچە بەزى تىلشۇناسلار بۈددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ چاغاتايلار دەۋرىدىكى تىلدىن پەرقلىق،

دەپ قارىسىمۇ، ھەممىسى ئارىدا كەسكىن بىر ئۆزلۈش بار دەپ قارىمايدۇ. 15 - ئەسىردىكى ئاپتور قىدىرخان ياركەندى دىۋانىنىڭ كىرىش قىسمىدا لۇتفى، سەككاكى قاتارلىق ئەدىپلەرنى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىسى، تۈرك تىلىنىڭ كامىللىرى» دەپ مەدھىيەلىگەن. نەتىجىدە سىياسىي سەھنىدىن ئۆزاقلاشقان ئۇيغۇرىستان ئاتالغۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئۇستۇنلۇكى سەۋەبلىك داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلخلىق تارىخچى مەھمۇد ب. ۋەلى ياركەند خانلىقىنى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتىغان. شۇندىن بىر يېرىم ئەسىر كېيىن سەمەرقەندتە ياشىغان قەشقەرلىك ئىلىم ئەھلى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىمۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇرىستان ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار ئۆزىلا ئەمەس، باشقا چەت ئەللىكلەرمۇ بۇ ئىبارىنى ئىشلەتكەن، مەسىلەن، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوقەند خانلىقىغا كەلگەن ئىران ئەلچىسى رىزا قۇلىخان ساياھەتنامىسىدە «قەشقەر ئالتىنچى ئىقلىمغا تەۋە، تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى، مەشھۇر شەھەردۇر» دەپ يازغان.

مۇسۇلمانلاشقان تۈركىستاندىكى ئالقىشلىق رىۋايەتلەردە ئىسلامچە يارىتىلىش ھېكايىلىرى، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ شەجەرىلىرى، ئىران داستانچىلىق ئەنئەنىلىرى بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ ھېكايىلەر دۇنيا خەلقى ھەققىدىكى تارقاق تارىخ بولۇپ، دۆلەتلەر، قەبىلىلەر، شەخسلەر، جەڭلەر، كۆچۈشلەر قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. 14 - ئەسىردىكى ئىلخانىيلار خانلىقى دەۋردە ياشىغان رەشىدىددىننىڭ كىتابىمۇ ئاشۇنداق ئەسەردۇر. يۇقىرىقى رىۋايەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئەسەر تۈركلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا باغلانغان «ئوغۇزنامە»دۇر. رەشىدىددىننىڭ كىتابىدا ئوغۇز رىۋايىتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئوغۇزخان ئۆزىگە ئەگەشكەن قەبىلىلەرگە ئۇيغۇر دەپ ئات قويغان. ئۇندىن باشقا ئەبۇلغازى باھادىرخانمۇ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ مەنبەسىنى يافەسكە باغلىغان. نۇھنىڭ ئوغلى يافەس، يافەسنىڭ ئوغلى تۈرك بولۇپ، ئۇنىڭ تاتارخان ۋە موغۇلخان دېگەن قېرىنداشلىرى بولغان. بۇ شەجەرە چىڭگىزخاندىن ئۆتۈپ قەشقەر ۋە ياركەندتىكى موغۇل خانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

شەجەرىلەر كىشىلەرگە كىملىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەن، ئۇلارنى جامائەتكە باشلىغان. روبېرت شاۋ قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزىنى يافەسنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلىقىنى يازغان. شاۋدىن كېيىن بارغان ۋولتېر بەلۋمۇ ئارتۇشتىكى ياقۇپ بەگدىن ئايرىلىپ مانجۇلارغا ياردەملەشكەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ، ئۆز قىلغانلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، «تۈرك، موڭغۇل، مانجۇ، خىتاي ھەممىز تاتار» دېگەن.

شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىدىكى يۇقىرىقى شەجەرىلەر كىشىلەرنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشتە، ھەمكارلىق ھاسىل قىلىشتا ئۈنۈمى چوڭ بولغان. ئەمما خوتەن خەلقى، ئىسلام ئاچقۇچى قاراخانىيلارغا قارشى جەڭ قىلغاندا ئۆزىنى تۈركنىڭ نەۋرىسى ماچىن دەپ ئاتىغان. ماچىن دېيىش تاكى 18 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان بولۇپ، ئىران ئارخىپچىلىرى قالدۇرغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا خوتەن خەلقىنىڭ ئۆزىنى ماچىن دېيىشى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلغانلىقىنى

تەخمىن قىلىدۇ. ھەتتا خوتەننىڭ ئەمەلدارىمۇ ئۆزىنى، لەتىفخان ماچىنى دەپ ئاتىغانىكەن.

بەزى خوتەن كىشىلىرىنىڭ ئۆزىنى ماچىنى دېيىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. روسىيەلىك تەۋەككۇلچى نىكولاي پرېژىۋالىسكى لوپنۇردىن خوتەنگىچە قىلغان سەپىرىدە ئۆزلىرىنى ماچىنى دەپ ئاتايدىغانلارنىڭ بارلىقىنى يازغان ھەمدە بۇنداق دەيدىغانلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى ۋە تۈگەۋاتقانلىقىنى يازغان. خوتەن خەلقى ئىران رىۋايەتلىرىنى ئۆز دۇنيا قاراشلىرىغا ماسلاشتۇرغان بولۇپ، يۇرتىنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەھرىمان شاھلىرىدىن بىرى بولغان ئەفراسىياپ تۇرغان يەر دەپ قارىغان. پرژىۋالىسكىنىڭ يېزىشىچە ئاقسۇ ۋە كۇچا ئەردەبىل، شەرقە يۇرگەنچە تۇرپان خوراسان دەپ ئاتىلىدىكەن.

# جۇڭغارلارنىڭ مۈلۈك سىستېمى

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان ئويرات موغۇللىرىنىڭ بىرلەشمىسى بولغان جۇڭغارلار چاغاتاينىڭ تۈركلەشكەن ئەۋلادلىرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ يېڭىدىن زورايغان چىڭ سۇلالىسى بىلەن موڭغۇلىيە ۋە تىبەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالاشقىدەك ھالغا كەلدى. جۇڭغارلار تارىم ۋادىسىنى يەرلىكلەرنى ئىشلىتىپ باشقۇرغان بولۇپ، بەلگىلىك مىقداردا رەخت ۋە تىللا تاپشۇرۇش شەرت قىلىنغان، ئەسكەر كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان. جۇڭغارلار ئالتاي ۋە ئىلىغا تۈركىستاندىن ئادەم يۆتكىگەن، بولۇپمۇ ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ سانى ئالاھىدە كۆپ بولغان. ئاھالىلەر ئاساسلىقى ياركەنت، قەشقەرلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇخارادىن ئېلىپ كېلىنگەنلەرمۇ بار، ھەتتا ياركەنتتىكى خانلار، قەشقەردىكى پىرلار ۋە بىر بۇخارالىق شاھزادىمۇ بولغان. 1800 ـ يىللاردىكى بىر مۇسۇلمان تارىخچىسىنىڭ يېزىشىچە سىۋاڭ رابدان ئوردىسى پىشكەنتنىڭ خانلىرى، تاشكەنت زەردارلىرى ۋە بەدەخشاننىڭ زاھىدلىرى يىغىلىدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالغان. 1720 ـ يىلى جۇڭغارلارغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن روسىيىلىك پېتىر ئۇنكوۋسكىمۇ رابدان ئوردىسىدا يۇقىرىقى مەنزىرىگە شاھىت بولغان. «بۈگۈن ئەركە خانلار، بەگلەر ۋە نۇرغۇن بۇخارالىق ئېسىللار بۇ يەردە تۇتقۇن بولۇپ يۈرمەكتە» دەپ يازغان. ئەينى چاغدا روسىيەلىكلەرنىڭ نەزىرىدە جۇڭغار ئوردىسىغا بارىمتاي بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى «بۇخارالىق» ئىدى. ئەگەر قەشقەر بىلەن بۇخارانى ئايرىشقا توغرا كەلسە، قەشقەر كىچىك بۇخارا دېيىلەتتى. جۇڭغارلار كۆچۈرۈشتە نوپۇزلۇق شەخسلەرنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر مەھەللىنىمۇ ئۆزىگە تەھدىتلىك بىر كۇچكە ئىگە دەپ قارىغان ھامان كۆچۈرىۋەتكەن. مەسىلەن، 1720 ـ يىللاردا تۇرپاندا جۇڭغارلارغا قارشى سەزگۈر بىر ھالەت ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلار تۇرپاندىكى بىر قىسىم ئاھالىنى ئۈچ دېيىلىدىغان بىر شەھەرگە كۆچۈرىۋەتكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ پىچان، لۈكچۈن دېگەن ناملىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئۈچتۇرپانغا يەرلەشتۈرگەن. ئەلۋەتتە، جۇڭغالارنىڭ بۇنداق چوڭ دائىرىلىك مەجبۇرى كۆچۈرۈشلىرى جازانى

مەقسەت قىلغان. تۇرپان خەلقى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن جۇڭغارلارغا قارشى نارازىلىق كۈچەيگەن، نەتىجىدە قوزغىلاڭ پارتلىغان. قوزغىلاڭچىلار چىڭ ئىمپېراتورىدىن سېۋاڭ رابدانغا قارشى ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. جۇڭغارلار قوزغىلاڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇچ تۇرپان شەھىرىنى تۈزلىۋەتكەن ۋە ئاھالىسىنى ئىلىغا كۆچۈرگەن.

جۇڭغارلار موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى ۋە تۆت ئويرات دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە ئەتتىپاققا كىرگەن موڭغۇللار تۆتتىن كۆپ ئىدى. بۇلار تورغۇت، خوشۇت، چوروس قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن، بۇنىڭدىن يەنە ئوتوگس دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىرلىكلەرگە بۆلۈنگەن. بۇ ئوتوگسلارنىڭ كۈچلۈك قەبىلىۋى كىملىكى بار ئىدى، ئۇلار قەبىلىسىنىڭ ئىسمىنى رىئاللىق ياكى رىۋايەتلەردىكى ئەجدادلىرىغا باغلايتتى. بىراق بەزى ئوتوگسلار مەركەزنىڭ سىرتىدا قالاتتى. ئۇلار ۋەزىپىسىگە قاراپ ئەمەس، جۇڭغار ئەتتىپاقىغا قوشۇلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ ئايرىلاتتى. بۇ كىشىگە بىر مىللەتتەك ئەمەس، بەلكى ھۈنەرۋەن (ئۇرات)، زەرگەر (ئالتاچىن)، قورشاۋۇل (چېگرا قاراۋۇلى) قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر مۈلكىيەتتەك تۇيۇلاتتى.

جۇڭغارلار شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن يۇقىرىقىدەك سىستېمىنى قوللانغان. بەزى مۇسۇلمانلار جۇڭغار ئارمىيەسىگە ئوقچى بولۇپ قاتناشتۇرۇلغان. يەنە بەزىلىرى ئۇزاققا سوزۇلغان كارۋانلارغا باشچىلىق قىلغان، بەزىدە ھەتتا دىپلوماتىيە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بېيجىڭ ۋە موسكۋالارغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇنداق سودىگەرلەر بازارگان ياكى كارۋانىيە دەپ ئاتالغان. نەتىجىدە بۇلار بىر ئىجتىمائىي قاتلام بولۇپ شەكىللەندى. جۇڭغارلارنىڭ تارىم ۋادىسىنى ئىستىلا قىلىشى ھەققىدە كىتاب يازغان مۇھەممەت ئەمىن قەشقەرى، كارۋانچىلارنى باي مىرزا ۋە ئەمىرلەردىن تەشكىل تاپقان بىر تائىپە دەپ ئاتىغان.

يۇقىرىقى يېڭى ئوتوگسلار ئىچىدە تارىختا ئەڭ مەشھۇر بولغان ئوتوگس-تارانچىلاردۇر. ئۇلار شىمالغا يۆتكەلگەن مۇسۇلمان تۇتقۇنلار بولۇپ، جۇڭغارلارغا ئاشلىق تېرىشقا مەسئۇل ئىدى. ئالتاي ئەڭ دەسلەپ تارانچى يۆتكەلگەن يەر ئىدى. 1639 - يىلى بىر روسسىيەلىك تەكشۈرگۈچى ئىرتىش دەرياسى بويىدا «بۇخارالىق»لارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. 1654 - يىلى چاروسسىيەنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى بايكوۋ بېيجىڭغا ماڭىدىغان يولدا بۇخارالىقلارنىڭ تېرىم بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. مانا بۇ غەربىي موڭغۇلىيەدىكى خوتون دېيىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇلار 18 - ئەسىردە كۆچۈرۈلۈپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە خىزمەتكە سېلىنغان. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلار جەنۇبقا يۆتكەلدى ۋە ئىلىغا تېخىمۇ كۆپ تارانچى يۆتكىدى. 1720 - يىلى روسسىيەلىك ئۇنكوۋسكى كونتەيشى (خوڭ تەيجى) تەسەررۇپىدا بۇخارلىقلارنىڭ بۇغدايلىق ۋە باغلار بەرپا قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى كۆپىنچە تارانچىنى تارىم ئويمانلىقىدىن كۆچۈرگەن، ئاز بىر قىسمىنى تېخىمۇ غەربتىكى پەرغانە ۋادىسىدىن كۆچۈرگەن. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ھېلىمۇ بۇ ئەسلىمىلەر ساقلىنىپ قالغان.

تارىختىكى بەزى نۇقتىلاردىن شۇنى كۆرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇمكىنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەر مەلۇم كەسىپىي تەبىقىدىن تەرەققى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، سارت دېگەن سۆز ئەسلى سانسىكرىتچىدە سودىگەر دېگەنلىك بولۇپ، كېيىنچە تېرىمچى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى شۇنداق ئاتالغان. جۇڭغارلار سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان بازارگان، تارانچى دېگەن كەسىپىي تەبىقىنىڭ قاچان ۋە قانداق بولۇپ مەدەنىيەت ۋە تارىخىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس. تارانچىلار گەرچە ئۆز ئىچىدە ئايرىلسىمۇ ئەمما ئورتاق سۈرگۈن ھايات ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئورتاقلىق ۋە بىرلىكنى پەيدا قىلغان. مۇسۇلمان تۇتقۇنلاردىكى سەرخىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدا بۇددىست جۇڭغارلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ماسلىشىش مەسىلىسىدە ئايرىملىقلار كۆرۈلدى ۋە ئۇلارنى جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىدىن پەرقلەندۈردى.

جۇڭغارىيەگە چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى يۇقىرىقى ماسلىشىشلارنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى. چىڭ جۇڭغالارنىڭ بازىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن تۇرغاق بولۇپ ياتقان بۇرھاندىن خوجا بىلەن خوجاجاھاننى تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلدى. خوجىلار ئۆزىگە سادىق ئىلىدىكى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ قەشقەر ۋە ياركەنتلەرنى ئالدى. بۇ دەۋردە ياشىغان مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئىلىدىن كەلگەن خوجىلارنىڭ كىشىلەردە قانداق ھەيرانلىق پەيدا قىلغانلىقلىرىنى بايان قىلغان. كىتابتا يېزىلىشىچە تارىم ۋادىسىدىكى ئۇلۇغلار ئىلىدىن كەلگەن پىشىۋالارنىڭ ئالدىغا چىققانداق ئۇلارنىڭ قىلىقى، گەپلىرى، ئەخلاقى قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلاردا خوجا بىلەن مۇرىتلار، مۇرىتلار بىلەن مۇرىتلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، گەپ-سۆز، سالاملىشىش، مۇئامىلە قاتارلىقلاردا چوڭ پەرق بولغان، ئاپتور ئۇلارنىڭ خوشلىشىشلىرىنى ۋىدالاشقانغا ئوخشاتقان. شۇنىسى ئېنىقكى چىڭ ئىمپېرىيەسى شىنجاڭنى قولغا ئالغان، خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جەنۇب-شىمال پەرقى تېخىمۇ چوڭايغان. بىر قەشقەردىن كەلگەن خەۋەرچىنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆرە «خوجا جاھان قەشقەر ۋە ياركەنتتىكى پىشىۋالارغا غوم ساقلىغان ۋە تارانچىلار، بازارگانلار ۋە ئويراتلارغا تايىنىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن». ئۆزاققا قالماي خوجىلار چىڭ خانىدانىغا قارشى چىققان ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغان.

## سەللىلىك مۇسۇلمانلار كىم ئىدى؟

چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شۇ ۋاقىتلارغىچە مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا تەجرىبىسىز ئىدى. ئۇلار جۇڭغارلارنىڭ تېررىتورىيەسىگە ئىگە بولغاچقا مۇسۇلمانلارغا موڭغۇللارغا قىلغان مۇئامىلىنى قىلماقچى بولدى. چۈنكى چىڭ ئوردىسى بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا قاراشلىق بولغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار بۇرۇن جۇڭغارلار ئەۋەتكەن، موڭغۇللارنىڭ تىل ۋە ئادەتلىرىنى بىلىدىغان مۇسۇلمان ئەلچىلەر بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. چىڭ تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدە

تۈركىستاندا بولۇپمۇ شىمالدا موڭغۇلچە ۋە تۈركچە ئىككى تىللىق يۇقىرى قاتلام كىشىلەر بار ئىدى. مىسسىيونىر فرەنچوئىز كاڭشىغا يازغان مەكتۇبىدا «تۇرپان ۋە قومۇلدىكى تاتارلارنىڭ تىلى ئۆزبېكلەرنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ. موڭغۇللار بىلەن تاتارلارنىڭ تىلى پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىككى مىللەتتە سودا ـ تىجارەت مەۋجۇت بولغاچقا ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغانلار بار» دېگەن. شۇڭا چىڭ ئوردىسىدا قوبۇل قىلىنغان تۇرپان ۋە قومۇل ئاقسۆڭەكلىرى موڭغۇللاردەك مۇئامىلىگە ئۇچرىغان.

تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن چىڭ ئوردىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت موڭغۇلىيەدىكى بوزقىر يوللىرى ئارقىلىق بولغاچقا، چىڭنىڭ مۇسۇلمانلارغا موڭغۇللارغا قارىغان نەزەردە قارىشىنىمۇ تەبىئىلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا چىڭ سۇلالىسى خېشى كارىدورىدىكى سۈجو ۋە گەنجو ئەتراپىغا 15 ـ ئەسىرلەردە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بىلەتتى. تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىمۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش دەپ قارايتتى. شۇڭا 1779 ـ يىلى تۈركىستان بۇرهانىدىن ۋە خوجا جاهانلارنىڭ قولىدىن چىڭغا ئۆتكەندە بۇ ئىككەيلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ رەهبىرى» دەپ يېزىلغان.

چىڭ تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىش هارپىسىدا مۇسۇلمانلار پەقەت خۇيزى (مۇسۇلمان) دەپلا ئاتالغان. گەرچە چىڭ ئەمەلدارلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇممىتى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇلارنى ئايرىم دىنىي جامائەت دەپ ئېتىراپ قىلمايتتى. چىڭ ئوردىسىنىڭ نەزىرىدە تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار قازاق ۋە قىرغىزلاردىن پەرقلىنەتتى. خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى بۇ مۇسۇلمانلارنى سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتىغان. ئۇلار ياشاۋاتقان تارىم ۋادىسى مۇسۇلمانلار زېمىنى يەنى خىتايچە خۇيبۇ دەپ ئاتالغان.

پەرقلىق مۇسۇلمانلار توپىغا پەرقلىق نام قويۇلىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزىنى شۇنداق پەرقلەندۈرەتتى، شۇڭا ئۇلارنى ئۇ چاغلاردا ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئۇلاردا خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۆزىنى ئىسلامنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرىدىن كەلگەن دېگەندەك رىۋايەتلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىسلام تارىم ۋادىسىدا يەرلىك خەلقنىڭ مەنىۋي دۇنياسى بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۆزگە خاس چۈشەنچە ۋە يوسۇنلار بىلەن بېيىغان هالدا ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئەهۋال مۇهەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، كىتابتا يەرلىك ئۇلۇغلارنىڭ پائالىيەتلىرى، قىرغىز، قازاق قوشىنلارنىڭ تەهدىت ۋە تالان ـ تاراجلىرىنىڭ موڭغۇل باسمىچىلىرىغا ئوخشاش شىددەتلىك بولغانلىقى كۆزگە تاشلىنىدۇ. يەرلىك ئاپتورلار تۈرك تىللىق مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمان دېسە، خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلارنى تۇڭگان دەپ يېزىشقان.

ئەدىب خالىد يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا روسىيەدە قەيەرلىك ئىكەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىدا دۆلەتنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. هالبۇكى، چىڭ تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەت بولۇش يولىدا

دۆلەتنىڭ بۇنداق رولى بولغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ. چىڭ ئوردىسىدىكى تەرجىمانلار تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار تىلغا ئېلىنغان ۋەسىقىلەردە «يەرلىك» دېگەن سۆزنى قوللانغان، تىلنى «يەرلىكچە» دەپ ئاتىغان. 1850 ـ يىللاردا تارىم ۋادىسىغا كەلگەن روسىيەلىك ئوفىتسېر چوقان ۋەلىخانوۋ يەرلىكلەرنى قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتىغان، ئەلۋەتتە بۇ نام روسىيەدىكى تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قوشنىسىغا قويغان نامى ئىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسەن يەرلىك ياكى مۇسۇلمان دېگەن ناملارنى مىللىي بىرلىكنىڭ ئىسمى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما مەن يەنە ئىككىلىنىمەن، چۈنكى بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلىق تاشقى پاسىل بولسا، يەرلىك بولۇش ئىچكى پاسىل بولۇشى مۇمكىن. 1880 ـ يىلى روسىيەلىك تەۋەككۇلچى پوتانىن قومۇلدا كىشىلەردىن قەۋمىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە سورىغان. بىر قومۇللۇق كىشى، يۇرتىدا داۋام قىلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي پەرقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنداق جاۋابنى بەرگەن: «خۇدايىم بىر ئەر ۋە ئايال يارىتىپتۇ. ئۇلاردىن كۆپىيىپ ئادەملەر بارلىققا كەپتۇ. خۇدايىم يەنە تۆت پەيغەمبەر يارىتىپتۇ ۋە ئۇلارنى پەرقلىق مىللەتلەرگە يولغا سېپتۇ. خۇدايىم تۆت كىتاب يارىتىپتۇ، ئىنجىل روسلارنىڭ قانۇنى ئىكەن، زەبۇر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بولۇپ، قالماقلارنىڭ قانۇنى ئىكەن، تەۋرات مۇساغا بېرىلگەن بولۇپ، خىتايلارنىڭ قانۇنى ئىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان بېرىلگەن بولۇپ يەرلىكلەرنىڭ قانۇنىدۇر». ئۇ بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىك چۈشەنچىسىنىڭ مۇجمەللىكىنى ئويلاپ قالغان. بۇ كىشىنىڭ يەرلىك دېگىنى مۇسۇلمان دېگىنى ئىدى. پوتانىن روسىيەدىن كەلگەن تاتار، قازاق قاتارلىقلارنىڭمۇ يەرلىك دېيىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان.

مۇسۇلمانلار رايونى دېگەن بۇ جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ بىر رايوننىمۇ، بىر قانچە رايوننىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇسۇلمان رايونلار دېيىلگەندە چىڭنىڭ نەزىرىدە موڭغۇلىيە، تىبەت دېگەنلەرگە ئوخشاش يەرلىك مىللەتلەر ياشايدىغان رايونلارنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئۇقۇم مۇسۇلمانلار ياشايدىغان بىر قانچە رايوننى كۆرسەتكەندە چىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن يەرلىك ھەمكارچى ئاقسۆڭەكلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بەلگىلىك رايونلارنى كۆرسىتەتتى. تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانىچە چيەن لوڭ (1736ـ1796) مۇسۇلمانلار رايونىنى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە بۆيرۈپ بەرگەن بولۇپ، ھەتتا مانجۇلارغىمۇ بەرمىگەن. سايرامى تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان يولدىكى بىر بۇتخانا ھەققىدە يازغان. بۇتخانىغا يۇقىرىقى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەسمى ۋە بىر خان پەرمانى ئېسىلغان بولۇپ، «مەن بۇ كىشىلەرنى يەتتە شەھەرنىڭ پاسىبانى قىلدىم. بۇ يەرگە خىزمەتكە كەلگەنلەر ئۇلارغا چوقۇم ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كېرەك»، دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇ ۋاڭلار دەپ ئاتىلىدىغان ئاقسۆڭەكلەر چىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئىسلام قائىدىلىرى ئارىسىدا بىر يول تېپىشقا تىرىشقان. تۇرپان ۋاڭلىرى ئۆزىنىڭ جەمەتىنى خوجا مۇھەممەد شەرىفكە، شۇ ئارقىلىق چاغاتايلار ۋە قاراخانىيلارغا باغلايدۇ. مەسىلەن، 1760 ـ يىللاردا ياركەنتتە ھاكىمىيەت سۈرگەن ئېمىن ۋاڭ ئۆزىنى ۋاڭخان دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋاڭ دېيىلمەستىن شاھ دېيىلگەن.

جۇڭغارلارغا ئوخشاش، چىڭ ئىمپېرىيەسىمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك موھىملىقىنى تونۇپ بۇ يەرگە تارىم ۋادىسىدىن مۇسۇلمان دېھقانلارنى كۆچۈرگەن. بۇ دېھقانلار ئاقسۆڭەكلەرگە قۇل قىلىپ بېرىلمىگەن، بەلكى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئېكىن مۇستەملىكىسى بولغان ئىلىنىڭ تارانچىلىرىغا ئايلانغان. ئىلىدىكى بۇ تارانچىلار سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ سەۋەبلىك كۆچۈرۈلگەنلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپەيگەن. 1770 ـ يىللارغىچە تارانچىلارنىڭ سانى ئالتە مىڭدىن ئاشقان، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە سەككىز مىڭدىن ئاشقان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەرلىك ھاكىم بەگلەرگە ئىشلىگەن بولسا، كۆپىنچىسى شاھبەگلەرنىڭ باشقۇرىشىدا بولغان.

چىڭ ئىمپېرىيەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە مەنبەسى مەسىلىسى موڭغۇل ۋە مانجۇلارنىڭكىدەك يورۇتۇلمىغان. قاراشلار پەرقلىق بولۇپ، ھەر بىرى ئوخشىمىغان نەزەرىيە ۋە پاكىتلاردىن ئوزۇقلانغان. مىللەتلەر ھەققىدە يېزىلغان مۇنداق تەزكىرىلەر بۇگۈنكى كىشىلەرنى تارىختىكى ئوخشىمىغان ۋاقىت ۋە زىددىيەتلىك پرىنسىپلار بويىچە يېزىلغان سۇلالىلەر تارىخىغا باشلايدۇ. جۇغراپىيەلىك ۋارىسلىق يۇقىرىقى پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇرۇن بىر رايوننى بېسىۋالغان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى مەزكۇر رايوننىڭ ۋارىسلىرى دەپ تونۇلىدۇ. تەزكىرىسى ئوخشاش خەلقلەرنى تۇرمۇش شەكلىدىكى ئورتاقلىق باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا چىڭ ئىمپېرىيەسىگە بېقىنغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ شەجەرىسىمۇ نەزەرگە ئېلىنغان. فىلولوگىيەلىك ئۇسۇللارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، يەر نامىلىرى ۋە مىللەت نامىلىرى تارىخىي مەنبەلەرنى دەلىللەشتە قوللىنىلغان. بۇلار چىڭ ۋە خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكىنى بېكىتىشتە موھىم مەنبە بولۇپ قالغان.

تىل خانلىقتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بېكىتىشتە ئانچە چوڭ بىلىنمىگەن. «تۈركچە سۆزلىشىدىغان خەلق» دېگەن ئۇقۇم بۇ رايون ئۈچۈن غەربچە ئۇقۇم بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى خىتايدا مۇلاھىزە قىلىنمىغان. چىڭ تارىخچىلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلىمىغان، بەلكى خىتايچە سۆزلەيدىغان تۇڭگانلار بىلەن باغلىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئىلىم ئەھلى گو يەنۋۇ (1613ـ1682)، خىتايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇي خۇي دېگەن نامىنىڭ ئۇيغۇر دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەمدە تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇي (تۇڭگان ـ خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلار) ئارىسىدا مۇناسىۋەت بار دەپ قارايدۇ. بىراق ئۇ يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرىستاندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇنداقلا خۇيخۇ (ئۇيغۇر) بىلەن خۇيخۇي (تۇڭگان) دېگەن ئاتالغۇنى ئىككى پەرقلىق خەلق دەپ قارايدۇ. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خۇي دەپ ئاتىلىشى خىتايچە سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان خۇي سۆزىنىڭ كېڭەيتىپ قوللىنىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق ئېتنولوگىيەلىك پەرەزلەر مىللەتلەرنىڭ تەزكىرىلەردىكى ئوخشاشلىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

خانىدانىدا خاتىرىلەنگەن تارىخنى ئاساس قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۇنلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ چاغدا ھۇنلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆچلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل شۇ جايدا ھاكىمىيەت قۇرغان ئىدى. بۇ زېتلىقلار 1759 - يىلى تارىم ۋادىسىغىچە بېسىپ كىرگەن چىيەنلوڭنىڭ نەزىرىدە بىرلەشكەن. چىيەنلوڭ ئارمىيەسى تارىم ۋادىسىغا كىرىش ھارپىسىدا ئۇ رىخى دېگەن يەردە ئىسلامچە خەت نەقىشلەنگەن بىر مىس قاچىنى بايقىغان. بۇ خەتلەردىن ئۇ شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشكەن، بۇ مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا يۇقىرالار ھەققىدىكى باغلىنىشنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن گو يەنۋۇنىڭ قارىشى خانىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىپ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ موڭغۇل ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى كۆچلۈك سىياسى كۈچ بولغان خۇيخۇ (ئۇيغۇر) ئىسىملىك مىللەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. بىراق چىيەنلوڭ بۇ مۇسۇلمان يۇقىرالىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن يىراق بولۇپ، پەرقلىق قاراشلار داۋام قىلغان.

چىڭ ئەمەلدارلىرى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاخبارات توپلىغان بولۇپ، بۇنى نەشر قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئىستىكىدە جەملەپ چىققان. ئۇلارنىڭ توپلىغانلىرى ختاي مەركەزلىك قارىشى بويىچە يېزىلغان تارىخ بولۇپ، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى ھەممىسى غەربتىكى قوشنىلىرىغا بولۇپمۇ بۇخاراغا باغلاپ ئىزاھلانغان. ختاي تارىخچىلىقىدىكى بۇ قاراش روسلاردىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى بۇخارالىقلار، قەشقەرنى بولسا كىچىك بۇخارا دەپ ئاتىشاتتى. روسىيەنىڭ تۈركىستان بىلەن ئۇزاق دېپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتى بولغاچقا بۇخارانىڭ ئورنى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. چىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇخارا تارىم ۋادىسىدىكى كۆچلۈك رولچى ئىدى. چىڭ بىلەن بۇخارا بەزىدە ھەمدەم ۋە بەزىدە رەقىپ بولغان. بۇخارا تەرەپتىن كەلگەن باھاۋۇددىن نەقشىبەندى تارىمدىكى خوجىلارنىڭ پىشۋاسى ئىدى.

شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چىڭ تارىخى بىلەن تونۇشلۇقى كۆپ بولمىغان دېيەلىسەكمۇ ئەمما پۈتۈنلەي ناتونۇشمۇ دېيەلمەيمىز، چۈنكى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلىغان ئىكەنلىكى ئېنىق. مەسىلەن، 1890 - يىللاردىكى شىنجاڭ ھۆكۈمدارى تاۋ مو قومۇل ۋاڭىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇلارنىڭ ئائىلە شەجەرىسىنى سورىغان. جاۋاب خەتتىن قومۇل ۋاڭىنىڭ چىڭ ئوردىسىدىكى ئۆز يۇرتىغا دائىر بايانلار بىلەن تونۇش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. چىڭ تارىخنامىلىرىگە قارىغاندا مىڭ سۇلالىسى دەۋردە قومۇلدا ئۇيغۇرلار، مۇسۇلمانلار ۋە خالاخۇي دەپ يېزىلغان بىر قەۋممۇ ياشىغان. قومۇل ۋاڭى ختايچە سۆزلەيدىغان مۇسۇلمانلارنى قومۇلدا ياشاپ كەلگەن خالا خۇي ۋە سەللىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن باغلىغان. ئۇ: «خالا خۇي ۋە ئۇيغۇرلار ئىسلامغا ئىشەندى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى ئوخشاپ قالدى» دەپ يازغان. دەسلەپتە ئۇلار ئاق لاتىدا سەللە ئورىۋالغان، شۇڭا ئۇلار ئاق سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان. كېيىن باشقا رەڭدە سەللە ئورايدىغانلارمۇ چىققان ۋە قىزىل سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان. بىراق خۇددى دەريانىڭ

جەنۇبىي (جىئاڭ نەن) ۋە دەريانىڭ غەربىي (جىئاڭ شى) بويلىرىدا ياشايدىغانلارنىڭ ھەممىسى خەن دەپ ئاتالغاندەك، سەللىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى سەللىلىك مۇسۇلمانلار دەپ ئاتالغان. قومۇل ۋاڭى ئۆزىنىڭ جەمەتى ھەققىدە «جەمەتىمىز ئاق سەللىلىك مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ، ئۇلار ئاساسەن مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن.

مەيلى مانجۇ ياكى خىتاي ئەمەلدارلار بولسۇن، ھېچ بىرى شىنجاڭدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەن ئەمەس. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار خىتايلاردەك فامىلە قوللانمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ جەمەتىنى بىلىشتىن مەھرۇم قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خاندانلىق ئەمەلدارلاردىن ھەر قايسى ئەللەردە قانداق كىشىلەرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭدىن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە جۇغراپىيەلىك دائىرىلەر بويىچە توپلانغان تۈرلۈك مەلۇماتلار يوللانغان بولۇپ، بىر ئىزچىللىق بولمىغان. بۇنداق مەلۇمات يوللىغۇچىلارنىڭ بىرى گەنسۇدا ياشايدىغان تۇڭگانلارنى شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە دەپ قارىغان، سەللىلىك مۇسۇلمانلارنى بولسا جۇڭغارلارنىڭ قالدۇقى دەپ قارىغان. بەزى مەلۇماتلاردا ئۇلار ئەرەب دېيىلسە، يەنە بەزىلىرىدە پارس دېيىلگەن، ھەتتا بەزىلىرىدە ئەنجانلىق دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى.

## ئەنجانلىقلار ۋە قەشقەرلىكلەر

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە توختالغاندا مۇجمەل كىملىك بولغان «يەرلىك» ئاتالغۇسى بىلەن، ئۇلاردىكى ئۆزىنى ياشاۋاتقان يۇرتى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدىغان ئىدىيەنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ شەرقشۇناسلار ۋە پائالىيەتچىلەر تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىدىكى بۇنداق يۇرت چۈشەنچىسىنى ھېس قىلغان ۋە بۇنى قالاقلىق ۋە بېكىنمىچىلىك دېيىشكەن. جاستىن رۇدېلسون مىللەتكە ئەمەس ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇنداق ساداقەتنى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ ئاجىزلىقى دەپ قارىغان. ئەمما باشقا شىنجاڭ تەتقىقاتچىلىرى مەيلى 19 ـ ئەسىردىكى يەرلىك يۇرت چۈشەنچىسى بولسۇن ياكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر كىملىكى بولسۇن ئىككىلىسى كۈندىلىك قارىشىلىقلاردا كۈچىنى كۆرسەتكەن دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئەينى چاغدا بىر قەشقەرلىك مۇسۇلمان ئۆزىنى ئەنجانلىق مۇسۇلمانغا قومۇللۇق مۇسۇلماندىن بەكرەك يېقىن ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

تارىملىقلار ۋە شىمالدىكىلەردە مەۋجۇت بولغان كۈچلۈك يۇرت چۈشەنچىسى ئادەتتە يۇرتلار ئارىسىدىكى بېكىنمىچىلىككە باغلىنىدۇ، مېنىڭچە بۇ ئەكسىچە ئۆز ئارا ئالاقىنىڭ سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن. چىڭ سۇلالىسى تارىم ۋادىسىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن تۇرپان ۋە قومۇلدىن ئاقسۆڭەكلەرنى ئەۋەتىپ باشقۇرغۇزغان، نەتىجىدە ئۇيغۇرلاردا شىمال-جەنۇب بۆلۈنىشى بارلىققا كەلگەن. ئەينى چاغدا تۈرلۈك سودا يوللىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىرى سىچۈەن، تىيەنجىن، شەنشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولى بولغان. يەرلىك سودا كارۋانلىرى ئۆتكەن يوللاردا كىشىلەر ياركەندى، قەشقەرى، تۇڭگانى دەپ تىلغا ئېلىنغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇنداق سودا يوللىرىدا ئاقساقاللارنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلار رەسمىيەتلەرنى تەكشۈرۈش، باج يىغىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولغان. ئۈرۈمچىدىكى بازارلار ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرى شەنشى، تىيەنجىن قاتارلىق يەرلەردىن كەلگەن خىتايلار بىر بازاردا، ئاقسۇ، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق يۇرتلاردىن بولغان يەرلىكلەر يەنە بىر بازادا تىجارەت قىلاتتى. گەرچە تىجارەت ۋە ئالاقە جەريانىدا نەزەرنىڭ كېڭىيىدىغانلىقىنى پەرەز قىلساقمۇ، لېكىن سودىدىكى رىقابەت ۋە دۈشمەنلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك يەرلىك مۇسۇلمانلار يۇرتداشلىرى ئەتراپىغا جۇغلاشقان.

شىنجاڭنىڭ سىرتىدا يۇرتۋازلىق ئىچىدىكىدەك گەۋدىلىك ئەمەس، قوشنا رايوندىكى كىشىلەر ئۇلارنى پەقەت ئۆزىگە ئەڭ يېقىن يۇرتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن، ياركەنتتىن چىقىپ تاغلاردىن ئېشىپ لاداخ ۋە ھىندىستانغا يېتىپ بارغانلار ياركەنتلىكلەر، غەربكەرەك سەپەر قىلغانلار قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتالغان. تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار قەشقەر ئەڭ چوڭ ۋە موھىم شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قەشقەرلىكلەر دەپ ئاتالغان ئەھۋالمۇ بار، بولۇپمۇ روسىيە تەۋەسىگە چىققانلار قەشقەرلىك، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى قەشقەرىيە دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردە يېتىشكەن مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملارنىڭ مەشھۇر بولۇشى ۋە ئىزچىل داۋام قىلغان مائارىپ، تىجارەت ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سەۋەبلىك قەشقەر پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنىڭ سىمۋۇلىغا ئايلانغان. بۇ خۇددى قوقان خانلىقى تەۋەسىدىكى ئەڭ موھىم شەھەر ئەندىجان نامى بىلەن ئاتالغانغا ئوخشايدۇ.

قەشقەردىن غەربكە قاراپ ماڭساق يول بويى نۇرغۇن كۆچمەنلەر مەھەللىسى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بىر ئىنسانشۇناسنىڭ مەلۇماتىچە قەشقەردىن چىقىپ پەرغانە ۋادىسىغىچە 60 نەچچە يەرنىڭ ئىسمىدا قەشقەر سۆزى بار ئىكەن. قەشقەر نامى غەربكە ماڭغاندىلا ئەمەس جەنۇبقا ماڭغان تاغلىق يوللاردىمۇ ئۇچرايدىغان بولۇپ، ھەتتا بىر قىسىم تاجىك جامائەتلىرى ئۆز ئەجدادىنى قەشقەرگە باغلايدۇ. 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ قەشقەر كۆچمەنلىرى پەرغانە ۋادىسىغا كېلىشكە باشلىغان. 18 ـ ئەسىردە تارىم ۋادىسىدىكى چىڭغا تۈرلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە يەنە بىر تۈركۈم تارىملىقلار كەلگەن ۋە قوقان خانلىقى ھاكىمىيىتىگە كىرگەن. قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە كەلگەن خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتى، مۇرىتلىرى قوشۇلۇپ بۇنداق كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن. بۇنداق خوجىلار ئىسيانلىرى پەرغانەدە بولغان ئەمەس. 1759 ـ يىلى خوجا باھائىدىن ۋە خوجا جاھان ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن كىشىلەرلا 20 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت توققۇز مىڭ كىشىلا مەنزىلگە يېتىپ بارالىغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئەنجانلىقلار قوقان بىلەن تارىم ئارىسىدىكى سودىنى مونوپول قىلغان. بۇ كۈچ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. چىڭ ئەمەلدارلىرى دەسلەپ بۇلارغا خۇددى يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئاقساقال تەيىنلىگەندەك بىر مەسئۇل بېكىتمەكچى بولغان. قوقان خانلىقىمۇ بۇ شىنجاڭدىكى

ئەنديجانلىقلارنىڭ تىجارىتىدىن باج ئالماقنى ئارزۇ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى سۈيىتىدە قەشقەرلىكلەر بار ئىدى. چىڭنىڭ ئەكسىچە قونانلىق سودىگەرلەرمۇ ھەر قايسى شەھەرلەردە ۋاكالەتچى تەيىنلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. دەسلەپ ئاقساقاللار پەقەت تىجارەتچى بولۇپ، كېيىنچە كۆچەيگەن ۋە قونانلىق ئەسكەرلەرنى ياللىغان. ئاقساقاللار خۇددى يەرلىك كونسۇللارغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇپ باج يىغىش، تالاش-تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغاندىن باشقا ھەتتا ساقچىنىڭ رولىنىمۇ ئۆتەيدىغان ئورگانلارنى بەرپا قىلغان. چىڭنىڭ قوقانغا مۇرەسسەلىك مۇئامىلە قىلىشىمۇ ئەنديجانلىقلارنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىۋەتكەن. ئۇلار ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئاقساقاللىرىغىلا بويسۇنۇپ چىڭ ئوردىسىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلمىغان. ھەتتا يەرلىك خەلق بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ ھاكاۋۇر، يولسىزلىقى سەۋەبلىك چاتاق چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن 1840 - يىللاردىكى قوزغىلاڭدا قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ ئۆيى ئەتراپىنى قاشارغا ئالغان.

شىنجاڭدا مەلۇم ساندىكى ئەنجانلىقلارنىڭ ۋە قونانىدا بەلگىلىك ساندا قەشقەرلىكلەرنىڭ بولۇشى پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان خوجىلار رەھبەرلىكىدىكى قارشىلىق ھەركەتلىرى ئۈچۈن شارائىت ياراتقان. قەشقەردىكى قوقانلىق تىجارەتچىلەر ئىككى قېتىملىق خوجىلار ئىسيانى ۋە قوقان خانلىقىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە ۋاستىچى بولغان. 1820 - يىلى خوجا باھائىددىنىنىڭ نەۋرىسى خوجا جاھانگىر قوزغىلاڭ قىلغان، نەتىجىدە قوقان خانى مۇھەممەد ئەلىخان قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان. خوجا جاھانگىرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى يەنە بىر نۆۋەتلىك قان ياشلىق كۆچمەنلىك دولقۇنىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. مۇھەممەد ئەلىخان چېكىنگەندە قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 70 مىڭدىن ئارتۇق بولغان. مىرزا شەمسى بۇخارى 1830 - يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭغا قاتناشقان ۋە شۇ سەۋەبلىك 12 مىڭ كىشىنىڭ قوقانغا كۆچكەنلىكىنى ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا يەرلەشكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. چوقان ۋەلىخانوپمۇ ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ كۆچمەن بولۇپ، خوجەند ۋە تاشكەنت ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانلىقىنى يازغان. 1847 - يىلدىكى يەتتە خوجا ئىسيانىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چىڭ تېررىتورىيەسىدىن ئايرىلغان. 1856 - يىلدىكى ۋەلىخان تۆرە ئىسيانىدا 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمى يولدا كېسەللىك، ئاچلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

روسىيەگە تەۋە تۈركىستاندا ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسىدە چوقان ۋەلىخانوپ ئەسەرلىرى ئەڭ موھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە 1860 - يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدا 50 مىڭدىن ئارتۇق «قەشقەرلىك» (ئۇيغۇر) بولغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ بەزىلەر 19 - ئەسىردە قوقان تەۋەسىدە 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ياشىغانلىقىنى يازىدۇ. 1877 - يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار غەربكە قاراپ سەلدەك ئاققان بولۇپ، ئوش (قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر) ئاھالىسىنىڭ ئۈچتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنى قەشقەرلىك (ئۇيغۇرلار) تەشكىل قىلغان.

چوقان ۋەلىخانوپنىڭ كۆزىتىشىچە كۆچمەن ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ماھىر سازەندە بولغانلىقى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى كەينىگە دائىم ئاخۇن سۆزى ئۇلانغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئاخۇنلار دەپ ئاتالغان، بۇنداق ئاتاش ئۇ يەرلەردە ھېلىغىچە مەۋجۇت. بۇ لەقەملەر قەشقەرلىكلەر دېيىلگەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سىڭىشىپ كېتىشىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ دەپ ئاتىغان ئۇ رايوندا قارشىلىقلار پەسەيمىگەن بولۇپ، قوقاندىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى غازىلار دەپ ئاتاشقان. چوقان ۋەلىخانوپ 1850 ـ يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيانى قەشقەرلىك (ئۇيغۇر) قاپلاپ كەتتى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلۇملىرىنى، دۆلىتىنىڭ بەختىسىزلىكىنى، زالىملارنىڭ دىنىنى چەكلىگەنلىكىنى، قىز ـ ئاياللىرىنى دەپسەندە قىلىپ، يۇرت ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى سۆزلىشىدۇ. قەشقەرلىكلەر (ئۇيغۇرلار) ھازىر ھەممە يەردە ھۆرمەتلىنىدۇ»، دەپ يازغان. مۇساپىرلار ئىچىدە خۇشھال غەرىبى دېگەن بىر كىشى، ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى پاجىئەدىن ھايات قالغان شاتلىقى ۋە سۆيۈملۈك ۋەتىنىدىن جۇدا بولغان ھەسرىتىنى قەلەمگە ئالغان. ئۇ:

ئازابقا مۇپتىلادۇرمەن،
ئانا يەردىن جۇدادۇرمەن.
قەشقەرىم دۆلىتىم شانىم،
ئاتا مىراس ماكانىم،

ۋەتەن چۆكتى زالىملارغا تىزىنى،
مەھكۇم قىلدى سانسىز ئوغۇل قىزىنى.

(مەزكۇر شېئىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچىسى بېرىلمىگەن، ئىنگلىزچىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىلدى.) شائىر ئۆزىنى شەرق داستانلىرىدىكى مەجنۇنغا ئوخشىتىپ، يوقاتقان، ئىزچىل تەلپۈنىدىغان ۋەتىنىنى لەيلىگە ئوخشاتقان.

گەرچە غەرىبىنىڭ ساداسى يالغۇز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قەشقەردىن چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان خەلقنىڭ غېرىپ كەچمىشى ۋە كۆرەشچان تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. بۇ كىشىلەر شۇ كەچمىش، قانلىق خاتىرىلىرى بىلەن قوشنىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. 1860 ۋە 1870 ـ يىللاردا قوقان خانلىقى روسلارنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كاپىرلارغا قارشى غازات داستانلىرى زامانغا كۆرە ئېيتىلماس بولۇپ قالدى. چار پادىشاھلىقى بۇ كۆچمەنلەرنى يەرلىك خەلقتىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلمىغان. ئەگەر روس ئارخىپلىرىدا قەشقەرلىك دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنسا بۇ ئېنىقكى چىڭ سۇلالىسى پۇقرالىرىنى كۆرسىتىدۇ. 1897 ـ يىلىدىكى نوپۇس تىزىملاش نەتىجىسىدە قەشقەرلىك دەپ تىزىمغا ئېلىنغان كىشى 14،915 بولۇپ، يۇز مىڭلىغان قەشقەرلىك دېيىلىدىغان كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تولىمۇ ئاز بىر سان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ نوپۇس تەكشۈرۈشنى چۈشەندۈرمەك ئاسان ئەمەس، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئانا تىلىمۇ تەكشۈرۈش دائىرىسىدە يوق. ئەمما كۆچمەن نوپۇسنىڭ كۆپەيگەنلىكى ئەمەلىيەت، مەسىلەن، 1905 ـ يىلدىكى نوپۇس 47،388 بولۇپ، 1906 ـ يىلى 50،238 گە كۆپەيگەن. بىر كىشىنىڭ قەشقەرلىك ياكى ئەسلى قەشقەرلىك

بولغان سارت ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قولىدىكى چىڭ پاسپورتى بولغان. (لېكىن چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا پاسپورت بولغانمۇ يوق، ئويلىشىپ باقىدىغان مەسىلە، ئاپتورمۇ پاكىت كەلتۈرمەپتۇ).

## شەرقشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر كىملىكى

بۇ مۇلاھىزىنى تاماملاش ئۈچۈن، مەن غەرب مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇلار ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كىملىكى ۋە تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئاساسلىق ئورۇندا ئىدى. شەرقشۇناسلار 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىردە خەلقلەرنىڭ كۆچۈشلىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار يۈرگۈزدى. بوزقىرلارنى تاشلاپ شەھەر ھاياتىغا كۆچكەن، شەھەرلەشكەن ئۇيغۇرىستاندىن يەنە توختىماي كۆچۈپ تۇرغان ۋە مول تارىخىي ئىزلارنى قالدۇرغان ئۇيغۇرلار شەرقشۇناسلارغا يىراقتىكى مەۋھۇم دۇنياغا كىرىشتىكى بىر ئىشىكتەك تۇيۇلغان. خۇددى جون پوكوك مۇلاھىزە قىلغاندەك، ياۋرۇپالىقلارنىڭ بوزقىرلاردىكى كۆچمەن خەلقلەرگە قىزىقىشى ئۇلارنىڭ خىرىستىيان ياۋرۇپاسى تارىخىدىكى ياۋايىلىق ۋە مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئۇقۇملارغا قىزىقىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسلى تەتقىقاتچىلار ئۆزى ئۈچراشقان خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە كىملىكىنى ئايان قىلماقچى بولغان ئەمەس، بەلكى تارىختىكى تاجاۋۇزلارغا ۋە ياۋرۇپا ئىلىم ئەھلىنىڭ پەرەزلىرىگە پاكىت ئىزدەش بولغان ئىدى. 19 ـ ئەسىردە شەرقشۇناسلىقنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە تارىخشۇناسلىقتا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە تارىخىي بىر خەلق بولغان ئۇيغۇر دىققەت تارتىشقا باشلىدى.

فرانسىيە تەتقىقاتچىلىرى بىلەن خىرىستىيان دەۋەتچىلىرى ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ، بەزىدە ئىسلام ۋە خىتاي مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلاتتى. ئىتالىيەلىك سەيياھ ماركوپولودىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن تۇنجى غەربلىك كىشى ھېربېلوت بولۇپ، ئۇنىڭ «بىبلوتېك ئورېنتال» (1697) دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار ئىگۇر، ئايگۇر شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ھېربېلوتنىڭ مەلۇماتى ئوسمان ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بولغان كاتىپ چەلەبىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى بايانلار ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» دېگەن ئەسىرىگە باغلىنىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خىتايچە مەنبەلەر ياۋرۇپا ئىلىم ساھەسىگە 1730 ـ يىللاردا ئانتونى گوبىلنىڭ چىڭگىزخان ھەققىدىكى تەرجىمىھال ئەسىرى ئارقىلىق تونۇلغان. گوبىل تۈرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ چىڭگىزغا قانداق تەۋە بولغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇندىن كېيىن 1750 ـ يىللاردا جوسېف دې گۇىگنىس ئۆزىنىڭ «ھۇنلار، تۈركلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە بوزقىرلاردىكى ئۇيغۇرلارنى مۇلاھىزە قىلغان. ئەمما ئىسلام ۋە خىتاي مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇلارنىڭ قانداق باغلىنىدىغانلىق مەسىلىسى ئۇلارغا ئايدىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئىدى. ھېرېبلوتنىڭ كىتابىغا مىسيونېر ۋىسدېلونىڭ ئەسىرى تولۇقلىما قىلىنغان. ۋىسدېلو «بىبىلوتىك» كە خىتايشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھات يازغان. ئۇنىڭ ئىچىگە «تاتارلارنىڭ تارىخى» مۇ قوشۇلغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى بوزقىر ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، ئەمما تەڭرىتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالمىغان.

ئۇيغۇرلارغا ئائىت پەرقلىق مەنبەلەرنى بىرلەشتۈرگەن كىشى داڭلىق تىل-يېزىق ئالىمى كلاپروت (1783-1835) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1805-1806 - يىللىرى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ تارىخ كىتابلىرىدا نامى كۆرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئەتراپى ۋە جەنۇب تەرەپلەردە ياشايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئۇ ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان جايلارغا بارالمىغان، ئەمما بىر تۇرپانلىق ئۇيغۇرنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى خاتىرىلىۋالغان. كلاپروت پارىژغا قايتقاندىن كېيىن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مانجۇچە، خىتايچە ۋە ئىسلامىي مەنبەلەرنى رەتلەپ 1811 - يىلى ئېلان قىلغان. كلاپروت خىتايچە مەنبەلەردە خۇيخۇ دەپ تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلامىي مەنبەلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خەلق ئىكەنلىكىنى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق كىشىلەرنىڭ تارىختىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەسلى قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى بولۇپ، سوغدىلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقنى مۇكەممەلەشتۈرۈپ موڭغۇل، مانجۇ خەلقلىرىگە ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. كلاپروتنىڭ بايقىشى ئېتىراپقا ئېرىشتى ۋە داڭلىق خىتايشۇناس ئابېل رېموساتنىڭ تەتقىقاتىغا كىرگۈزۈلدى. «تاتارلارنىڭ تىلى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە رېمۇسات ئۇيغۇرلار ھەققىدە كلاپروتقا ئوخشاش خۇلاسىگە كەلگەن ۋە قومۇلدىن قەشقەرگىچە بولغان رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىغان.

كلاپروتنىڭ ئەسىرى ئىلىم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى، ئەمما قايىل بولمىغانلارمۇ بار ئىدى. موڭغۇلشۇناس ئىساك جاكوپ (1779-1847) ئاشۇنداقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1818 - يىلى ئەسەر يېزىپ كلاپروتنىڭ خۇلاسەسىگە قارشى چىققان. ئۇ شۇ چاغدا سانت پېتىربۇرگ شەھىرىدە 17 - ئەسىردىكى موڭغۇل يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەتقىقات قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ قاراشلىرى غەربىي ياۋروپالىق كەسىپداشلىرىدىن پەرقلىق ئىدى. ئۇ چىڭخەيدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ (بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار) تىبەتچە ۋە موڭغۇلچىغا ئوخشايدىغان ئىسىملىرىغا قاراپ ئۇلارنى ئۇيغۇر دېمەسلىكنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى موڭغۇلچە تاڭغۇت دېيىلىشى كېرەك ئىدى. ھەتتا ئۇ كلاپروتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى «ئۇيغۇر ھەرپلىرى» دېيىشكە قارشى تۇرغان.

ئۇيغۇر ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار 19 - ئەسىر تىل-يېزىق تەتقىقاتىنىڭ سالىيۇتىغا ئايلانغان. كلاپروت قاراشلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسلارغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كىتابىنىڭ يېڭى نەشرىنى

مىڭ سۇلالىسى دەۋردە تەرجىمە قىلىنغان تىل پاكىتلىرىنى قوشۇپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ پايدىلانغىنى بىر قوللانما بولۇپ، بېيجىڭدىكى دىن تارقاتقۇچىلار تەمىنلىگەن ئىدى. ئىساك جاكوپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەت دېيىلىشىنى بىر چۆچەك دەپ قاراشتا چىڭ تۇرغان. ئۇ كلاپروت پايدىلانغان مىڭ سۇلالىسى دەۋردىكى قوللانمىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلانغان. ئۇ ئوبۇلغازى باھادىرخان تىلغا ئالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى رىۋايەتنى يالغانغا چىقىرىپ ئۇنى موڭغۇلچىنى خاتا ئوقۇپ قالغان دەپ قارىغان. كلاپروت ئۆزىنىڭ قارىشىنى يەنە ئىسپاتلاشتا چىڭ تۇرغان ۋە ئىساك جاكوپنىڭ قاراشلىرىدىكى مەنتىقىسىز تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن. 1826 - يىلى جاكوپ بىر كىتاب يېزىپ قاراشلىرىنى شەرھلىگەن. 1828 - يىلىدىن كېيىن ئالىملاردا ئۇيغۇرلارنى تۈركىي مىللەت دەپ قارايدىغان ئاساسىي ئېقىم ۋە ئۇيغۇرلارنى تىبەت دەپ قارايدىغان تارماق ئېقىم شەكىللەنگەن. ئەلۋەتتە روسىيەلىك بىچۇرىنغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى موڭغۇللار ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان يەنە بىر پىكىرمۇ مەۋجۇت ئىدى.

شۇندىن كېيىن كلاپروت ئۇيغۇرلار ھەققىدە باشقا يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، تەتقىقاتمۇ ئاستىلىشىپ قالغان. گەرچە 1820 - يىلى كۇتۇبخانىلاردا ئۇيغۇر قولىيازما ئەسەرلىرى بايقالغان بولسىمۇ يېرىم ئەسىر نەشر قىلىنماي تۇرۇپ قالغان. ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق زىلزىلە 1870 - يىلى مەيدانغا چىققان. ھۇنگىرىيىلىك ئالىم ۋامبېرى قاراخانىيلار دۆلىتى ئوردىسىدا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىگ» دېگەن ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. كىتابنىڭ چىقىشى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدە بىر يېڭىلىق بولۇپ تونۇلغان، چۈنكى قاراخانىيلار خانلىقى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى بوشلۇق بولۇپ، بۇ دەۋرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىر ئەسەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىيىتى بولغان بىر كاتتا ئەسەرنىڭ بايقىلىشى قىزغىنلىق قوزغىغان. ۋامبېرى ئۇيغۇرلارنى غەرب ئىلىم ساھەسىگە يەنە بىر قېتىم «ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى سەمەرقەنتتىن گەنسۇغىچە ياشىغان، پارلاق قەدىمكى يېزىق مەدەنىيىتى ياراتقان بىر مۇنەۋۋەر خەلق» دەپ تونۇشتۇرغان. ۋامبېرى كلاپروتنىڭ «تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى سۆزلەيدۇ» دېگەن قارىشىغا قوشۇلمىغان ۋە بۈگۈنكى تۇرپاندا ياشايدىغان ئۇيغۇرنىڭ تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئامىللار بولسىمۇ قەدىمكى تىلنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە بۈگۈنكى تىلشۇناسلارغا ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدا ماۋائۇننەھىر خەلقلىرىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى، بولۇپمۇ سۆزلۈكتە ئەرەب-پارىس تەركىبلىرىنىڭ خېلى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

## تۈركولوگىيەنىڭ غەلىبىسى

بەزىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى پەقەت تەتقىقات ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. 1860 - يىللاردا چىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان مۇسۇلمانلار ئىسيانى بۇ تۈپنىڭ

كىملىك مەسىلىسىنى دىققەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە بۇ ھەقتە تەتقىقات قىلىشقا باشلىدى. 1867 ـ يىلى خىتايشۇناس ۋاسىلى ۋاسىلىيىۋ سانت پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «خىتايدا مۇسۇلمانلار» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيەدە ۋاسىلىيىۋ ئىسلامنىڭ خىتايدا ئاساسى ئورۇنىدا تۇرىدىغان كوڭزىچىلىق، بۇددىزمغا قارىغاندا ئەجەللىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە خىتاينى بىر مۇسۇلمان دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ قاراش كېيىنچە فرانسىيە ۋە بېرتانىيە ئىلىم ساھەسىگىچە كېڭەيگەن.

ۋاسىلىيىۋ بېيجىڭدا روسىيە دىنىي جەمئىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىتاي ھەققىدىكى قاراشلىرى خىتاي ئىلىمدارلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىك مەسىلىسىدە دەسلەپ خىتاي زىيالىسى گو يەنۋۇنىڭ قاراشلىرى بويىچە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنى تارىختىكى خۇيخۇ (ئۇيغۇرنىڭ تارىختىكى خىتايچە تەلەپپۇزى) بىلەن بىر دەپ قارىغان بولسىمۇ كېيىن باشقىچە قاراشنى ياقلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر دېگەن نام ئىساك جاكوپ ئېيتقاندەك تاڭغۇت دېگەن نام بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئۇ تۈرك تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا تۇڭگان دېيىلىدىغان خىتاي تىللىق مۇسۇلمانلارنىڭ نامىنى تارىختىكى تاڭغۇت دېگەن مىللەتنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن دېگەننى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ تاڭغۇتلارنىڭ خىتايلارنىڭ غەربىدە بىر مەزگىل كۈچەيگەنلىكىنى پاكىت قىلىپ تاڭغۇتلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، تۇڭگانلارغا ئايلانغانلىقىنى پەرەز قىلغان. ئۇنىڭ فورمىلىسى بويىچە تاڭغۇت = تۇڭگان = خۇيخۇي = ئۇيغۇر بولۇشى كېرەك. مانا بۇ رۇسچە ئىلىمدارلىقنىڭ ئۇتۇقى ئىدى.

ۋاسىلىيىۋنىڭ قارىشىچە بولغاندا ئۇيغۇر تارىخىدا تۈرك ئامىللىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا تۈرك تىللار تەتقىقاتىدا سېلىشتۇرما مېتودنى قوللىنىپ، بۇ تىللارنىڭ رېئال ۋە تارىخىي بىرلىكىنى ئىزدىنىدىغان تۈركولوگىيە ئىلمى مەيدانغا چىقتى. 1850 ـ يىللاردا گېرمان مىللىتىدىن بولغان رادلوف روسىيە تۇپراقلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش قىلىپ تۈركىي تىللار ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى ۋە روس تۈركولوگىيەسىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقتى. 1860 ـ يىللاردا ئالتايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگەن رادلوف تۈرك تىللىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى خاتىرىلىگەن. ئۇ 1862 ـ يىلى غۇلجىغا كەلگەن. رادلوف توپلىغان ماتېرىياللار روسىيەدە نۇرغۇن تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى مەيدانغا چىقارغان.

1868 ـ يىلى خىتايدا مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلىڭى بولۇپ، ۋەزىيەت كەسكىن بىر مەزگىلدە رادلوف غۇلجىغا بارغان. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شىمال ئۇيغۇرلىرى» ۋە «جەنۇب ئۇيغۇرلىرى» دېگەن بۇ مۇنازىرىنى قايتا قوزغىغان. بىر قىسىم روسىيە ئالىملىرىمۇ «كىچىك بۇخارا» (قەشقەر) ئۇيغۇرلىرى بىلەن قومۇل ـ تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى ھەتتا

تۇڭگانلارنىمۇ خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى خىتاي مەنبەلىرىدە جۇشى (ھازىرقى خىتايچە ئوقۇلۇشى چېشى) دېيىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغان. بىراق رادلوف كلاپروتقا ئوخشاش بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. ئۇ باشقا ئالىملارغا ئوخشاش شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىن پەرقلەندۈرۈپ يېڭى ئۇيغۇرچە دەپ ئاتىمىغان، بەلكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا تارانچى دىئالېكتى دەپ ئىسىم قويغان.

روسىيەدە تۈركلەرنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن روس تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن. رادلوف مۇسۇلمان ئىسلاھاتچىلار بىلەن روسچىلاشقان مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان چار ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە موھىم رول ئوينىغان. 1871 ـ يىلى رادلوف تاتار، باشقىرت، قازاق مەكتەپلىرىنىڭ مۇپەتتىشى قىلىپ ئەۋەتىلگەندە تاتارلار ئارىسىدىكى مائارىپنى زامانىۋىيلاشتۇرۇش تەرەپتارلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان. نەتىجىدە قازاندا تاتار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش ئىنىستىتۇتى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ شەرقشۇناسلىق ۋە ئىسلام تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، شۇنداقلا يەنە تاتار ۋە بۇلغار تارىخى روسىيە مەنبەلىرى بويىچە يېزىلىشقا باشلىغان. رادلوفنىڭ قارىشىچە تۈركىي مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئەرەب-پارس تەسىرىدىن قۇتقۇزۇش موھىم دېيىلگەن. قازاندىكى تىلشۇناسلار مىللەتنىڭ كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر تىل بەرپا قىلماقچى بولغان. روسىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك زىيالىلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق باشقا يەلەردىمۇ بولغان، مەسىلەن، غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن ئەمەلدار نىكولاي پانتسوف تارانچى ۋە قەشقەر شېۋىسىدىكى خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلىغان ۋە يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان.

1884 ـ يىلى رادلوف قازاندىن ئايرىلىپ سانت پېتىربۇرگ ئاسىيا مۇزېيىغا ئىشقا چۈشكەن ۋە بۇ ۋاقىتتا قامۇسسىمان ئەسەر «تۈرك دىئالېكتلىرى» ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» نى نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭغا ئۇلگۈرۈپ موڭغۇلىيەدىن ئۇيغۇر-تۈرك يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بايقىلىشى، مەڭگۈتاشلاردا بىر بىلىنمىگەن يېزىقنىڭ كۆرۈلۈشى تۈركولوگىيەنىڭ يېڭى دولقۇنىنى پەيدا قىلغان. رادلوف بىلەن تومسېن بۇ سىرلىق يېزىقنى ئوقۇشقا تەڭلا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ روسىيە بىلەن غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ رىقابەت ۋەزىيىتىدىن بىشارەت ئىدى. بېرلىن ۋە پارىژدىكى ئالىملار ئۆزلىرىدە ئەڭ ياخشى مۇزېي، مول ماتېرىيال، ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن پەخىرلىنىشەتتى، شۇڭا ئۇلار ھەر قانداق تىل ۋە تارىخ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشەتتى. روسىيە ئالىملىرى بولسا ئۆزىنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئىمكانلىرى، تۈرك تىللىق مەنبەلەرگە ساھىپ ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلۈك تىللارنى چۈشىنىشتە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى. رادلوف سانت پېتىربۇرگتىكى مۇزېيدا تارىخ بىلەن بۈگۈننى باغلاش ئىمكانىغا ئىگە ئىدى. روسىيە تۈرك تىللىق مىللەتلەر ئارىسىغا ئارخېئولوگ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇغراپىيەچىلەرنى ئەۋەتىپلا قالماي، بەلكى دالا تەكشۈرگۈچى تىلشۇناسلارنىمۇ ئەۋەتكەن ئىدى. نىكولاي كاتانوۋ شۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىدى، ئۇ 1889 ـ يىلدىن 1892 ـ يىلىغىچە موڭغۇلىيە ۋە تەڭرىتاغ ئەتەكلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان، تۇرپان ۋە قومۇلدا تىل تەكشۈرۈشكە مەشغۇل بولغان ئىدى.

روسىيە ئالىملىرى بىلەن غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە تومسېن ئۆتۈپ چىققان بولۇپ، 1893 ـ يىلى مەڭگۈ تاشلاردىكى يېزىقنى غەلىبىلىك ئوقۇپ چىققان. 1896 ـ يىلى ئۇ مەڭگۈتاشلاردىكى يېزىقنىڭ ئوقۇلغۇسى ۋە تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ ئىلىم دۇنياسىغا ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دىققەت مەڭگۈتاشلاردىن قولىيازمىلارغا، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن گەنسۇ ۋە تەڭرىتاغ ئەتەكلىرىگە يۆتكەلگەن. گېرمانىيەلىكلەر تۇنجى تەكشۈرۈشنى باشلىغاندا ئاۋرېل ستەيىن ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ تۇرپانغا كەلگەن ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن شەھەرلەرنى بايقىغان. ستەيىننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى 1906ـ1908 ـ يىللىرى تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەر ۋە بۇتخانىلاردىن نۇرغۇن قولىيازمىلارنى بايقاپ خانلىق مۇزېيغا تەقدىم قىلغان. تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان تام رەسىملىرى، قولىيازمىلار ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەرنىڭ پارچىلىرى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى يورۇتۇشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان، شۇنداقلا تىلشۇناسلارنىڭ قابىلىيىتىنى سىنايدىغان قىيىن سوئاللارنى قويغان.

رادلوف پېتېربۇرگتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ بىر مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتايغا قارىتىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ پىلانلىغۇچىسى ۋە يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ دالا تەكشۈرۈشنىڭ تارىخى تىلشۇناسلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. تەڭرىتاغنىڭ ئىككى يېقىدىكى بوستانلىقلاردىن بايقالغان ئەسەرلەر ھەققىدە رادلوف: «بۇ ئەسەرلەرنى چۈشىنىش بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر دىئالېكتلىرىدىن بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەشتە موھىم» دېگەن. بۇ يەردىكى دىئالېكتنىڭ گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدىغانلىقى شۈبھىسىز. بۇ تەتقىقات ئۈچۈن رادلوف ئوقۇغۇچىسى مالوفنى بېكىتكەن.

مالوف 1909ـ1911 ـ يىلىغىچە تۇنجى قېتىم، 1913 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە ئىككىنچى قېتىم خىتاينىڭ غەربىگە سەپەر قىلغان ۋە جۇڭگودىكى مەۋجۇت تۈركىي تىللار ۋە خەلقلەر ھەققىدە مول مەلۇماتلىق نوپۇز ئىگىسىگە ئايلانغان. ئۇ رادلوفنىڭ ئارزۇسى بويىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھايات ۋارىسلىرىنى خىتاينىڭ غەربىدىن تاپماقچى بولغان. گەنسۇدىكى تاغلىق رايوندىن ئۇستازىغا يازغان بىر قېتىملىق خېتىدە ئۇ: «بەلكىم ئۈمىدسىزلىنەرسىز، ئەمما بۇ ئۇيغۇر دىئالېكتىدىكى سۆزلەر بەكمۇ پەرقلىق بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىكى نائېنىق نۇقتىلارنى يورۇتۇشقا پايدىسى بولىدىغاندەك

ئەمەس» دەپ يازغان. ھالبۇكى بۇ سەپەر زور ئۇتۇقلارغا سەۋەب بولغان بولۇپ، ئىلىم دۇنياسىغا سىبىرىق ئۇيغۇر ۋە سالار دېگەن بايقالمىغان ئىككى تۈركىي تىلنىڭ ئۆرنەكلىرىنى تەقدىم قىلغان. ئۇ يەنە ئۇرۇمچىدىكى بىر خىتاي كىتابچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە قەدىمكى تۈركچە يېزىقتا يېزىلغان قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرگەن. گەنسۇدىكى سىبىرىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بۇتخانىلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى تاپقان، نۇرغۇن تىل پاكىتلىرىنى خاتىرىلىگەن ۋە ئاۋازغا ئالغان. مالوف ۋە رادلوف بۇ يېڭى بايقالغان تۈركىي تىلنى تارىم ۋادىسىدىكى تۈركىي تىلنىڭ دىئالېكتلىرى دەپ قارىغان.

سانت پېتىربۇرگتىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار شىنجاڭدىكى روسىيە پۇقرالىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتتە بولاتتى. شۇ چاغلاردا ئۇرۇمچى ۋە گەنسۇدا تىجارەت قىلىدىغان بۇرھان شەھىدى بىلەن مالوف ئۇچراشقان. بۇرھان خۇددى باشقا روسىيەلىك مۇسۇلمان تىجارەتچىلەرگە ئوخشاش تۈركولوگىيە ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ مالوفنىڭ سىبىرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئورۇنبۇرگدا چىقىدىغان ۋاقىت گېزىتىدە ئېلان قىلغان. كېيىنكى يىللاردا بىرى ئىلىم يەنە بىرى سىياسىي ساھەدە موھىم ئورۇن تۇتقان بۇ ئىككى شەخس ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ كۆچىيىشىگە شاھىت بولغان ئىدى. شەرقشۇناسلارنىڭ روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى تەسىرى مەسىلىسى كېيىنكى بابلاردا مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ھەققىدىكى چەك ئوردىسىغا ۋە شەرقشۇناسلارغا مەنسۇپ بايانلار تارىخ ئىچىمىدا مىللىي نامىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. 1910 ـ يىلى ئامېرىكىدا چىقىدىغان دەۋر (تايمىس) ھەپتىلىك ژورنىلى مۇخبىرى جورج مورسېن ئات بىلەن تەگرىتاغلىرىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ دىپلوماتلار، خىرىستىيان دەۋەتچىلىرى ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئىچى سىقىلغان ۋە: «مەن ئۆمرۈمدە مىللەتلەر ھەققىدىكى مۇنداق پەرقلىق قاراشلارغا، تونۇشتىكى مۇنداق مۇجىمەللىككە دۇچ كېلىپ باقمىغان ئىكەنمەن» دەپ بايان قىلغان. ئۇ يەرلىك خەلقلەر بىلەن پاراڭلىشىپ بىر قىسىم ئەتراپلىق يېتىشكەن، خىتاي تارىخىدىن ۋە ئىسلامدىن مەلۇماتلىق كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلىقىغا شاھىت بولغان. بىراق مۇنداق قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ سانى شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئىچىدە كۆپ بولمىغان.

ھالبۇكى، شىنجاڭدىن يىراق يەرلەردە ئۇيغۇرغا ئائىت مىراسلار كۆپلەپ يورۇق كۆرۈپ تۈرك تارىخىنى يېڭىلىماقتا ئىدى. شەرقشۇناسلار بۇ مىراسلارنىڭ ئىگىسىنىڭ خىتاينىڭ غەربىدىكى جايلاردا تېخىچە ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشەتتى. 1884 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ دېيىلگەن بۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر مىراسلىرىغا ھەقدار ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىدە مۇنازىرە قىلىنماقتا ئىدى. تەتقىقاتچىلار تارىختىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىزچىللىق مەسىلىسىنى يېشىشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com



# شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ۋە ئەسەرلىرى

ھىندىستان تۇنجى قېتىم ئەمەۋىيە خەلىپىلىكى دەۋردە، مۇھەممەد ئىبنى ئەلقاسىم ئەسسەقەفى قوماندانلىقىدا چېگراسىنى ئىسلامغا ئاچقان ئىدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ھىند يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسمى سىند (ھازىرقى پاكىستان) دەپ ئاتىلىدىغان خېلىلا كەڭ بىر رايوننى كونترول قىلىپ تۇرغان ۋە بۇ ھالەت ھەم ئەمەۋىيە ھەم ئابباسىيە خەلىپىلىكى دەۋرلىرىدىمۇ داۋاملاشقان ئىدى.

ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاجىزلىشىپ مۇنقەرىزلىككە يۈز تۇتۇشى نەتىجىسىدە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلىغان. بۇ قاتاردا سىند رايونىغا بولغان تەسىرىمۇ ئاجىزلىغان. شۇنىڭ بىلەن رايوندىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزىنى مۇستەقىل دەپ ئېلان قىلىشقا باشلىغان. كېيىن بەزى بىر ئىسلام قوشۇنلىرى كېلىپ ئەھۋالنى تۈزەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇزۇن داۋاملاشمىغان.

كېيىن ھىجرىيە 10 ـ ئەسىردە بابۇر پادىشاھلىقى قۇرۇلغان (ھىجرى 932ـ1274، مىلادى 1852 ـ 1526). يېرىم ئارالنىڭ ھەممىسى ئىسلام موگغۇل ھاكىمىيىتىگە بويسۇنغان، مەدەنىيەت ئالغا قاراپ راۋاجلانغان ئىدى.

ئەمما بۇ ھاكىمىيەت دەۋرىنىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرانلىرى ئانچە ئۇزۇن سۈرمىدى. بىر تەرەپتىن تەخت تالىشىپ ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، يەنە بىر تەرەپتىن ماراتارلار ۋە سىخلەر (بۇ ئىككىسى ھىندىستاندىكى يەرلىك قەبىلىلەردىن ئىدى ـ ت) نىڭ داۋاملىق قوزغىلاڭ قىلىشلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراندىن كەلگەن ھۇجۇملارنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەت خېلىلا ئاجىزلىدى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە دىنىي ساھەسى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ دىنىي ساھەدە شىئەلەرنىڭ،

ھىندىستاندىكى يەرلىك دىنلارنىڭ، بۇددا دىنىنىڭ، بىدئەتلەرنىڭ، خۇراپاتلىقنىڭ ئېقىملىرى كەڭ يامراپ كەتتى. ھەتتا بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ بەزى نىزاملىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا سوپى - ئىشانلارنىڭ بەزى نەزەرىيە، پەلسەپەلىرى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يېڭىدىن دىن پەيدا قىلىندى ۋە خەلق بۇدىنغا كىرىشكە مەجبۇرلاندى.

مۇشۇنداق بىر دەۋردە جانابىي ئاللاھ ھىندىستانغا شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىنى ئەۋەتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ يولىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلار بىر ئېقىم ھالىغا كېلىپ دىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. ئىنسانلارنى دىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، بۇزۇۋېتىلگەن، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن توقۇلما ھېكايە، پەلسەپەلەردىن خالىي ھەقىقىي ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىنى خۇراپاتلاردىن تازىلاپ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش پائالىيەتلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە ھېچ بولمىسا مۇشۇنداق ۋەزىيەت پەيدا قىلدى.

# ئىمام شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىنىڭ تەرجىمىھالى

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىنىڭ نەسەبى ئاتا تەرەپتىن ھەزرىتى ئۆمەرگە، ئانا تەرىپىدىن ئەھلى بەيت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى. -ت) تىن ئىمام مۇسا كازىمغا تۇتىشىدۇ. ئۇ ئۈچىنچى بوۋىسى بولغان شەيخ شەمسىدىن مۇفتى ھىجرى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېقىن ھىندىستانغا بارغان ۋە ئۇيەرگە يەرلىشىپ قالغان ئىدى. بوۋىسى شەھىد شەيخ ۋەجىھۇددىندۇر. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرى بولغان ئابدۇرىھىم دادىسىدۇر. ئانا تەرەپتىن بوۋىسى شەيخ مۇھەممەد پۇھلەتىدۇر.

دادىسى ئابدۇرىھىم ئىلىم، دىن ۋە مەنىۋى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىدى. ئاپىسى فەخرۇننىسانىڭ دىنى ئىلىملەردە ھەر ئايالنىڭ ئاسانلىق بىلەن ئېرىشەلمەيدىغان دەرىجىدە تالانتى ۋە بىلىمى بار ئىدى. شەيخ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋى ھىندىستاننىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدارى ئەۋرەڭزىبنىڭ ئۆلۈمىدىن 4 يىل بۇرۇن، يەنى ھىجرىيە 1114 - يىلى 14 - شەۋۋالدا (مىلادى 1704 يىلى) چارشەنبە كۈنى مۇزەففەرنىگار كەنتىگە قاراشلىق پۇھلەت يېزىسىدا تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلدى.

تۇلۇق ئىسمى: ئەھمەت قۇتبىددىن ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ۋەجىھۇددىن ئەل ئۆمەرى ئەددىھلىۋىدۇر.

ئەھمەد «شاھ ۋەلىيۇللاھ» دەپ تونۇلغان ئىدى. «شاھ» سۆزى «مالىك» مەنىسىدىكى فارىسچە بىر سۆزدۇر. سوپىلار ۋە ماشايىخلار ھەققىدە قوللىنىدۇ. شاھ ۋەلىيۇللاھ ئىلىم ۋە تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق پەلسەپىسىنىڭ ئومومىي نامى- ت) تا مەشھۇر بىر ئائىلەنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇ تەخەللۇسنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا دادىسى ۋە پەرزەنتلىرىمۇ قوللانغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ يەتتە يېشىدا خەتمە قىلىنغان ۋە بۇ ياشتىن باشلاپ ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈلگەن ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋى ئىلىم ئۆگىنىشكە كىچىكىدىن باشلىغان بولۇپ، بەش يېشىدا مەكتەپكە بېرىلگەن. تېخى يەتتە ياشقا كىرمەي تۇرۇپ قۇرئان كەرىمنى يادىلاپ بولغان. كېيىن

ئىلىمنى مەدرىسىدە ئەمەس، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن بولغان دادىسىدىن ئېلىشقا باشلىغان. دەسلەپتە بىرەر يىلغىچە فارىسچە، ئاندىن كېيىن ئەرەبچە ئۆگەندى. ئون يېشىدا «ئەلكافىي» نى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ شەرھىيسى بولغان «ئەلجامىي» نى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى. ئەرەبچە، ھەدىس، تەپسىر، فىقھى، مىتود (ئەرەبچىدە ئۇسۇل دەپ ئاتىلىدۇ ـ ت)، تەسەۋۋۇپ ۋە پەلسەپە قاتارلىق ئۇ دەۋردە ئۆگىنىش شەرت بولغان ئىلىملەرنى ئوقۇغان بولۇپ، ئون بەش يېشىغا كىرگىنىدە يۇقىرى سەۋىيىدە بىر ئىلىم ئىگىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ئوقۇغان بۇ قەدەر ئىلىملەرنىڭ تاللىنىشىدا، دەرىسلەرنىڭ پروگراممىلاشتۇرۇلىشىدا دادىسى ۋە دەسلەپكى ئۇستازى بولغان شەيخ ئابدۇرېھىمنىڭ رولى چوڭ ئىدى. چۈنكى ھىندىستاندا ھىجرىيە 7 ـ ئەسىردىن بېرى ئوقۇتۇلغان دەرىسلەر بەكمۇ كۆپ ۋە تەرتىبسىز ئىدى. دادىسى ئابدۇرېھىم ئوغلىنىڭ زېھىن كۈچىنى كۆپ ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ئادەتتە ئوقۇتىلىۋاتقان كىتابلارنىڭ سانىنى ئازايتىش بىلەن بىرگە تەكرار ئوقۇتىلىدىغان مەزمۇنلارنى تاللاپ چىقىرىۋەتكەن ۋە ئوغلىغا ھەم ئىلمىي ھەم زېھنىي ھەمدە ۋاقىت جەھەتتىن كۆپ پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. مەسىلەن، ئەدەبىيات ساھەسىدە «ماقامەتۇل ھەرىرى»نى ئوقۇش بەكمۇ كەڭ تارقالغان ئىدى. ھەتتا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى ئۇستازلار بۇنى يادقا بىلەتتى. بىراق بىز بۇنى شاھ ۋەلىيۇللاھنىڭ ئوقۇغان دەرىسلىك كىتابلىرى ئارىسىدا ئۇچرىتالمايمىز. «ئەل مانار ۋە شەرھىسى»، «ئەل كەششاف»، «مەشارىقۇل ئەنۋار» غا ئوخشاش ئەسەرلەرمۇ بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

ئۇ دەۋردە ئۇستازۇل ئۆلىما دەپ ئاتىلىدىغان موللا نىزامىدىن ئەسسەھالىۋىي ئۇ ۋاقىتلاردا مەدرىسىلەردە ئوقۇتىلىۋاتقان دەرس كىتابلىرى گويا ئازدەك، قوشۇمچە نۇرغۇن كىتابلارنى بۇلۇپمۇ سەرپ، نەھۋى، پەلسەپە، رىيازىيات، فونىتىكا، كالام ئىلمىگە دائىر نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى قوشقان ئىدى. بۇ كىتابلار ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەۋردە بارغانسېرى پىلانسىز، پروگراممىسىز بىر شەكىلدە مەدرىسىدە ئوقۇتىلىدىغان بىر ھالغا كەلگەن ۋە بەزى يەرلەردە ھازىرمۇ ئوقۇتۇلماقتا.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ئوقۇغان دەرىسلەر ئارىسىدا ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر ھەرقانداق بىر كىتاب بولمىسىمۇ، ئۇ ئۆزلىكىدىن تىرىشىش ئارقىلىق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەلۇم بىر مەزگىل قىلىشىنىڭ سايىسىدا ئەرەب تىلى سەۋىيەسىنى يۇختىلىغان ئىدى. «ھۇججەتۇللاھىل بالىغە» ناملىق يېتۈك ئەسىرى ئۇنىڭ پەقەت ئەرەب تىلىغا، ئەرەبچە ئەسەر يىزىشقىلا ماھىر ئەمەس، بەلكى «ئىبنى خەلدۇن ئۇسۇلى»غا ئوخشاش يېڭى بىر ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ماقاماتۇل ھەرىرى»نى دەرس قىلىپ ئوقۇمىغانلىقى ئۇنىڭغا بىر نۇقسانلىق ئەمەس، ئەكسىچە بىر ئارتۇقچىلىق بولغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر كىشى ئەسەر يازغىنىدا، ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان، كۆزقاراشلىرىنى ئوچۇق، ئېنىق ۋە جانلىق بىر ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەشتە قىينالغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ئون ئىككى يىللىق

مۇددەرىسلىك ھاياتىدىن كېيىن، ئوتتۇز يېشىدا سىياسىي مالىمانچىلىق ۋە يولىنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىگە قارىماستىن، دېڭىز يولى بىلەن ھىجرىيە 1143 ـ يىلىدا ھەرەمگە باردۇ. ئۇ بۇ سەپىرىدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئاياق باسقان ۋە ياشىغان بۇ مۇقەددەس زېمىندا بولغان مەنىۋى ئېشتىياقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ئىسلام دۇنياسىنى تونۇش ۋە كۆزقارىشىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ قەلبىنى ۋە مەركىزىنى يېقىندىن تونۇش، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن كەلگەن ئۆمرىنى ئىسلامنىڭ نىجاتلىقىغا، راۋاجلىنىشىغا ئاتىغان ئىسىل پەزىلەتلىك ئىنسانلارنىڭ، مۆھتەرەم ئالىملارنىڭ ئىلىم ـ ئىرپانلىرىدىن، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن ۋە پەندى ـ نەسىھەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى كۆزلىگەن ئىدى. دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ۋە ھەرەمدە مەلۇم مەزگىل قېلىشى ئۇنىڭ ئىلىم، چۈشەنچە، تەبلىغ ۋە پىكىر دۇنياسىدا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي رول ئوينىدى. ئۇن تۆت ئايغا يېقىن ھەرەمدە قالغان بۇ مەزگىل جەريانىدا ھەدىس ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە كېڭەيتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىن بۇيەرگە كەلگەن چوڭ ھەدىس ئالىملىرىدىن بۇ ئىلىمنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ دىننى بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلاردىن تازىلاش، ئىسلاھ قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇل تېشىنى بۇ يەردىكى ھەدىس ئۆگىنىشى بەرپا قىلدى. يېقىنقى ئەسىرلەردە ئىنتايىن ئاز كىشى ئېگە بولالىغان ئىجتىھاد قىلىش سەۋىيەسىگىمۇ يەنە بۇ سايىدە ئېرىشتى. شەرىئەتنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، شەرىئەتنىڭ ھەقىقىي مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىشى، ھەدىس بىلەن فىقھىنى بىرلەشتۈرۈشتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بولسا ئەسىرلەردىن بېرى ھېچكىم ئېگە بولالمىغان بىر نۇقتا ئىدى.

زىلقەئدە ئېيىنىڭ 15 ـ كۈنى مەككىگە كىرگەن شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىي ئۆلىما ۋە تالىبلارنىڭ تەلىپى بويىچە مەسجىدى ھەرەمدە، ھەنەفىي مۇنبىرىنىڭ يېنىدا دەرس بېرىشكە باشلىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ دەرسكە قاتناشتى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ مەككە ۋە مەدىنىدىكى ئۇستازلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تېما قىلغان «ئىنسانۇل ئەين فى مەشايىخىل ھەرەمەين» ناملىق رىسالە يازغان ئىدى. بۇ رىسالىدە، خاس ئۇستازى ۋە ئۆزىگە چوڭ ياردەمچى بولغان قىممەتلىك ئۇستازى شەيخ ئەبۇ تاھىر مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەلكۇردى ئەلمەدەنىگە كۆپ يەر بەرگەن ئىدى. ئالاھىدە قىممەتكە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازلارنىڭ يۇقىرى تالانتى ئىگە ئوقۇغۇچىلاردا چوڭقۇر تەسىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، چۈشەنچە ۋە كۆزقاراشلىرىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ. شەيخ ئەبۇ تاھىرمۇ مۇشۇنداق بولغان ۋە شەيخ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى.

بۇ كىشى كاتتا ھەدىس ئالىمى ئىدى. بۇ يەردە بىر نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشتە پايدا بار، شەيخ ئەبۇ تاھىرنىڭ دادىسى شەيخ ئىبراھىم ئەلكۇرانى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنى قوللايدىغان ئالىم ئىدى. شەيخ ۋەلىيۇللاھنىڭ كىتابلىرىدا شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنى ماختىشدا ۋە قوللىشىدا ئۇستازى شەيخ ئەبۇ تاھىردىن دەرس ئالغانلىقىنىڭ بىر ھەسسىسى ۋە تەسىرى باردۇر. تەبىئىيكى

www.uyghurkitap.com

شەيخ ئەبۇ تاھىرمۇ بۇ كۆزقاراشنى دادىسى شەيخ ئىبراھىم ئەلكۇرانىدىن ئالغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىنىڭ ھىجازدىكى ئىككىنچى ئۇستازى، ئۇنىڭ دىن ئۆگىنىشىگە ئىجازەت بەرگەن مەككە مۇپتىسى شەيخ تاجىددىن ئەلقالى ئىدى. ھەدىس ھەققىدىكى ئىلىملەرنىڭ كۆپچىلىكىنى شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى سەلىم ئەلمىسرىدىن ئۆگەندى. «بۇخارى ۋە مۇسلىم»نى شەيخ ئۇجەيمىندە ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالدى. شەيخ ئەھمەد ئەننەھل، شەيخ مۇھەممەد ۋەفدۇللاھ ئەلمالىكى ۋە باشقا ئۇستازلاردىنمۇ ئىجازەت ئالدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ مەككە ۋە مەدىنىدە ئىنتايىن پايدىلىق بىر مۇھىتتا ئىدى. ھەدىس ئىلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بۇ يەردە ئىسلام بىلىملىرىنى ئوقۇتۇش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتى يارىتىلغان ئىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن ئالىملار، تالىبلار بىلەن كۆرۈشۈش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانى بار ئىدى. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئۆيىنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ياشايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا ھىندىستاندا ۋەزىيەت قالايمىقان ئىدى، ئىسلام دۆلىتى لىڭشىپ قالغان، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرى كۆنسېرى كۆپىيىپ، دۆلەتنى ئىشغال قىلىشقا باشلىغان ئىدى. پۈتۈن بۇ ھادىسىلەر ئۇنىڭ ھىندىستاننى تەرك قىلىش ۋە ھىجازدا تۇرۇشىغا يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى. ئەمما ئۇ ھىندىستانغا قايتىشقا قارار قىلدى. بۇ قايتىشىدا ئاللاھ قىسمەت قىلىدىغان ئىسلام ئۈممىتىگە پايدىلىق بۈيۈك ئىشلار يوشۇرۇنغان ئىدى. دېگەندەك بۇ ھېكمەت ئىسلاھ قىلىش ۋە چوڭ تەبلىغ مۇۋەپپەقىيەتى بىلەن ئۆزىنى نامايەن قىلدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ ھىندىستاندا ئىسلامىي خىزمەتنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا پىلانلىمىغان ئىدى. بارلىق تالانتلىق دوستلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش پىلانلىغان ئىدى. ئۇلاردىن ھىندىستاننى ھەرخىل پائالىيەتلەرنىڭ، ئىلمىي ۋە دىنىي خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ مەدرىسىسى رەھىمىيەدە ھەدىس ئۆگىتىشكە باشلىدى. بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ چوڭ ئىشتىياق، تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلىم، تېخىمۇ كۆپ تەجرىبە بىلەن يېڭىدىن ئاتلاندى. قىسقىغىنە ۋاقىتتا تالىبلىرى كۆپىيىپ دادىسىنىڭ مەدرىسىسىگە سىغماي قالغاندا، تېخىمۇ كەڭ بىر يەر ئىزدىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىستىكى سۇلتان مەھمۇد شاھقا يېتىپ باردى ۋە ئۇنىڭغا مەدرىسە قىلىپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن چوڭ بىر بىنا بەردى. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا قالمىدى، سۇلتان ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، دىن ئۆگىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنى قوللاش ۋە تەقدىرلەش ئۈچۈن مەدرىسىنىڭ ئېچىلىشىغا شەخسەن ئۆزى بىۋاستە قاتناشتى. بۇ مەدرىسە «دارۇل ئۇلۇم» نامى بىلەن داڭ چىقاردى. بۇ بىلىم كانىنىڭ ھىندىستان مائارىپ تارىخىدا ئىنتايىن چوڭ رولى بولغان ئىدى. بۇيەردىن ئىنتايىن تالانتلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىنىڭ نۇرىدا پۈتۈن ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممە تەرىپى يورىغان ئىدى.

جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دىنىغا خىزمەت قىلىشقا ئاتالغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە، سۈننەتنىڭ تارقىلىشى، كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭىدىن نەشىر قىلىنىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلىنغان، مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكەن ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك بىر ھايات ھىجرىيە 1176 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مۇھەررەم ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى — شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن (مىلادى 1762 ـ يىلى 21 ـ ئاۋغۇست) 62 يىللىق بىر ئۆمۈردىن كېيىن ئاخىرلاشتى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىي مەنھەدىلەر دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىدە دېھلى دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىندى. شاھ ۋەلىيۇللاھنىڭ تۆت ئوغلى بىلەن دادىسى ئابدۇرېھىمنىڭ قەبرىسىمۇ بۇ قەبرىستانلىقتا جايلاشقاندۇر.

## شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىينىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىي ھىندىستاندا يېتىشكەن ئىسلام ئالىملىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سىمۋوللاردىن بىرىدۇر. ئۇ دىنىي ئىلىملەرنى يېڭىدىن تەرتىپلەپ، جانلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن «ھىندىستاننىڭ غەزالى»سى دەپمۇ ئاتالغان. بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقى سەۋەبىدىن شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ سالاھىيىتىگە تەڭ كۆرۈلگەن. ئۇ ئىلىمدا دېڭىزغا ئوخشاش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنتايىن ئوچۇق ۋە كەسكىن بىر تەپەككۇر قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. دىن نامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەسلىسىنى ۋە ئاساسلىقىنى ئېلىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە قوشۇلغان، كىرگۈزۈلگەنلەرنى تاللاپ چىقىرىۋېتەتتى. ئەرەبچە ۋە پارسچە تىلنى بەكمۇ ياخشى بىلەتتى. ھەر ئىككى تىلدا نۇرغۇنلىغان ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ چوڭ بىر تەبلىغ ۋە ئىسلاھات پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتا مۇۋەپپىقىيەتلىك بولدى. ئۇ دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىدە چۈشىنىلىشىگە، پەيغەمبەر ئىلمىنىڭ تارقىلىشىغا، ئىسلامىي ئەدىبىيە ۋە چۈشەنچىنىڭ يېڭىدىن جانلىنىشىغا، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىشىپ ئىتتىپاقلىشىشى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۇرمەكچىمىز:

## 1 ـ ئېتىقاد توغرىسىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

**تەۋھىد ئەقىدىسىنى يېڭىدىن چۈشەندۇرۇشى ۋە تەتبىقلىشى**

ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر مۇنچىلىغان يەرلىرىدە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەكمۇ كۆپ خۇراپاتلار پەيدا بولدى. ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا قەبرىلەرگە ئىبادەت قىلىشنى كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلەر، ئاللاھتىن قورقماي قەبرىلەردە ياتقانلاردىن قورقۇش ۋە ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، ياردەم تەلەپ قىلىش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا

سەل قاراش، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىتائەت، ھۆرمەت قىلىشنى گويا ئاللاھقا ھۆرمەت قىلغاندەك دەرىجىدە ئاشۇرىۋېتىش، مازار ۋە قەبرىلەرنى ھەج قىلغاندەك كۆپ تاۋاپ قىلىش، بەزى يەرلەردە مەسجىدلەرنىڭ كونىراپ ۋەيرانە ھالدا تۇرغىنىغا قارىماي، قەبرىلەرنى كۆركەم ۋە پاكىز تۇتۇش ھەممە يەردە دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئىشلار ئىدى.

ئىسلامنىڭ مەركىزىدىن بەكمۇ يىراقتا قالغان، مىڭلىغان يىلدىن بېرى تومۇرىدا بۇتپەرەسلىك ۋە شېرىك ئېتىقادى ئېقىپ تۇرغان بىر دىندا، پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت ھاكىم بولغان بىر رايوندا، بۇنىڭدەك خۇراپاتلىقلارنىڭ بارلىقى ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى. بۇ يەردە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى يوق ئىدى. ھىندىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېتىقادلار، كۆزقاراشلار ۋە پىكىرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىگىچە كىرىپ بولغان ئىدى. بۇندىن بۇرۇن ئىمام رەببانى بۇ خىل ئېتىقادلارغا قارشى ئىلمىي تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان ۋە خېلىلا ئۇنۇملۇك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئەمما ئۇ ياشىغان دەۋردىن پەقەتلا يۈز يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، خەلقتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسكە مۇستەھكەم بىر باغلىنىش بولمىغانلىقتىن، ئەقىدە جەھەتتە ئىسلامدا بولمىغان ھەتتا ئىسلام بىلەن پۈتۈنلەي زىت ئېتىقادىي ئېزىقىشلار پەيدا بولغان، دىنىي جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل دەپ بىلىنگەن ئائىلىلەردىمۇ ئېتىقادىي ۋە ئەمەلىي خاتالىقلار كۆرۈنگەن ئىدى.

سوپى ۋە تەرىقەتچىلەرنىڭ ئاغزىدىن كىتاب ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، بولۇپمۇ تەۋھىد ئەقىدىسىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان نۇرغۇنلىغان گەپ - سۆزلەر سادىر بولغان ئىدى.

ئۇ دەۋرلەردە ئەرەبچە بىلمىگەن ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شۇنداق بىر چۈشەنچە كەڭ تارقالغان ئىدى: قۇرئان كەرىمنى پەقەت مەلۇم بىر تەبىقىدىكى كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ. قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك بىلىم بىلىش كېرەك. قۇرئاننى خەلققە بېرىشنى، خەلقنىڭ ئۇدۇل قۇرئاننىڭ نېمە دېگىنىنى بىلىشىنى، قۇرئان بىلەن بىۋاسىتە توغرا يولنى تېپىشىنى ۋە قۇرئاندىن ھۇزۇر ئېلىشىنى تەشۋىق قىلىش بەكمۇ خەتەرلىكتۇر. بۇ چوڭ بىر پىتنە - پاساتلىقنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىش دېگەنلىك بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا پىكىر قوزغىلىشىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، يەنى شەخسىي كۆزقاراش بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى، يەنە كېلىپ ئۆلىمالارغا موھتاج بولماسلىقنى، ھەتتا ئۇلارغا قارشى تۇرۇشنى ۋە رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ساھابىسىنىڭمۇ بەلگىلىك سەۋىيەدە ئوقۇغان كىشىلەر ئەمەسلىكىنى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە قۇرئان ئوقۇپ توغرا يولنى ئۆگەنگەنلىكىنى، خاتالىقلاردىن پاكىزلانغانلىقىنى ۋە يۈكسەك دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەش ئارقىلىق يۇقىرىقى كۆزقاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ۋە «ھېكمەت ھەققىدە سەدرىنىڭ ئەسىرىنى چۈشەنگەنلىكىنى، «قامۇس»نى يادقا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلىگەنلەرنىڭ ۋاي ھالىغا!» دېگەن ئىدى. ئۇ

مەيلى ئوقۇغان بولسۇن، مەيلى ئوقۇمىغان بولسۇن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ، ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا تىرىشقانلارنىڭ قەلب ۋە قۇلاقلىرىنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە بەرسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلسا، ھەركىشىنىڭ قۇرئاندىن پايدىلىنالايدىغانلىقىنى دائىما تەكىتلەيتتى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ بىر خىل «ئاللاھنىڭ يولىدىن ئېزىقتۇرۇش» دەپ ئاتىغان بۇ خىل زىيانلىق كۆزقاراشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قۇرئاننى ئۇ دەۋرنىڭ رەسمىي ۋە ئىلمىي تىلى بولغان پارسچىغا تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى خەلقنى توغرا يولغا باشلاش، ئېتىقادىنى تۈزىتىش، ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم مىتودىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توغرا يولنى، تەبلىغ ۋە ئىسلاھاتنى كىشىلەرگە بىۋاستە يەتكۈزۈشتىنمۇ ئاسان يول يوق ئىدى. ئازراق بىلىمى بولغان ھەر مۇسۇلمان پارسچە گەپلىشەلمىسىمۇ، بۇ تىلنى چۈشىنەلەيتتى. ئەسلىدە يەتتە ئەسىر قەدەر پارىس تىلى ھاكىمىيەتتە تۇرغان دەۋردە نەچچە ئونلىغان پارسچە قۇرئان كەرىم تەرجىمىسى چىقىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئەپسۇسكى بۇنداق بولمىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. تەرجىمە ئۈچ باسقۇچ بولۇپ تەرجىمە قىلىنىپ، ھىجرىيە1151 ـ يىلىدا پۈتتى. ھىجرىيە 1156 ـ يىلىدا مەشھۇر ئالىم ھاجى مۇھەممەد ئەمىنىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمى بىلەن تەرجىمە كەڭ تارقالدى، بۇ تەرجىمە بويىچە دەرس بېرىلىشكە باشلىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي «فەتھۇر رەھمان» تەپسىرى ۋە تەرجىمىسىگە قوشۇمچە قىلىپ تەرجىمە مىتودىغا دائىر قىسقىچە بىر مۇقەددىمە يازغان ئىدى.

ئەلۋەتتە بۇ دىنىي ئىسلاھات پائالىيەتلىرى ئۇنداق ئاسان ئەمەلىيلەشمىدى. ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن جاھىل موللا ـ ئىشانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچار بولدى، ھەتتا فەتىھ پۇرى مەسجىدىدە سۇيىقەستكە ئۇچرىدى. كېيىنرەك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قارشىلىقلار جىمىقىپ قالدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىينىڭ بۇ تەرجىمىسىدىن تەخمىنەن ئەللىك يىل ئۆتكەندىن كېيىن باشتا ئوغلى شاھ ئابدۇلقادىرنىڭ بۆلۈشى بىلەن بىرگە قۇرئان ئوردۇ تىلىدا كۆپلىگەن نۇسخىدا تەرجىمە قىلىندى. بۇ تەرجىمىلەر ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىينىڭ ئۇممەتنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى يولىدا قىلغان ئەڭ چوڭ خىزمىتى «فەۋزۇل كەبىر» نى يازغانلىقىدۇر. ئۇ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىش، قۇرئاننى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەد قىلغان، ئۇممەتنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئېڭىنى ئويغىتىشنى غايە قىلغان ئىدى. بۇ ساھەدە يېزىلغان ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب ئىكەنلىكى ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

**شېرىك ۋە تەۋھىد**

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ھەقىقىي تەۋھىد ئەقىدىسىگە چاقىرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتا، پەقەت قۇرئان كەرىم

تەرجىمىسى ۋە بەرگەن قۇرئان دەرىسلىرى بىلەن كۇپايىلىنىپ قالمىدى. بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھەقىقىي بىر مۇتىخەسسىس ۋە تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتراپلىق ئىزدەندى.

قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋھىد ۋە شىرىكنىڭ ئارىلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن ئايرىۋەتكەن ئىدى. تەۋھىدنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى ئىنسانىيەتكە كۆرسەتكەن، شىرىكنىڭ ئەڭ ئاددىي شەكىللىرىگىچە جىھاد ئېلان قىلغان، شىرىكنىڭ كىرىش ئېھتىمالى بولغان پۈتۈن ئىشىكلەرنى ئېتىۋەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى بىلەن بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس باشقا جەمئىيەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىشى، ۋەھيى دەۋرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئىسلام جەمئىيىتىگە بەزى مۇشرىكچە ئېتىقاد ۋە ئىش - ھەرىكەتلەر سىڭىپ كىردى. كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ۋە ئېچىندۇرىدىغان مەسىلە بولسا ئۆزىنىڭ دىنىي ئالىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇنلىغان دىنىي زاتلار بۇ شىرىك ئەقىدە ۋە ئېتىقادلارنى تەۋىل قىلىپ، ھەرخىل چۈشەندۇرۇشلەر بىلەن جائىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىغان ئىدى؟ كۆپلىگەن مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمانلار بۇ خىل سەپسەتىلەرگە، چۈشەندۇرۇشلەرگە قانداقمۇ ئەسىر قىلىنىدى؟!...

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىينىڭ قارىشىچە بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى: تەۋھىدنىڭ ھەقىقىي شەكلىدە چۈشىنىلمەسلىكى، شىرىكنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ۋە مۇشرىكلارنىڭ، بولۇپمۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەسلىكتۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىي تەۋھىد، شىرىككە ئوخشاش ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. كۆپلىگەن كىشىلەر شىرىكنىڭ جانلىق ياكى جانسىز ھەرقانداق بىر شەيئىنى ئاللاھ بىلەن تەڭداش كۆرۈش، ئاللاھ بىلەن ئوخشاش دەپ بىلىش، ئۇ شەيئىنى پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان سۈپەت ۋە پېئىللار بىلەن ئاتاش، ئۇنىڭ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى... ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش دەپ بىلەتتى. ئاللاھقا ئائىت بەزى سۈپەتلەرنى ئۆزلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان بەزى كىشىلەرگە نىسبەت قىلىشتا بولسا ھېچقانداق بىر نورمالسىزلىق ھېس قىلمىغان ۋە بۇنى شىرىك دەپ بىلمىگەن ئىدى. قىسقىسى، پەقەت ئاللاھقا قىلىنغان بىر ھۆرمەتنى بەزى كىشىلەرگىمۇ قىلىشنىڭ تەۋھىدگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدى.

مەسىلىنىڭ ئەسلى تۈگۈنىنىڭ بۇ چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىي شىرىكنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىڭ ياخشى بىلىنىشى ۋە تەۋھىدنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەستايىدىل توختىلىپ ئۆتكەن. شىرىكنى «پەقەت ئاللاھقا خاس بولغان سۈپەتلەرنى ئاللاھتىن باشقىسىغا ئاتاش» دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىي شىرىكنىڭ قاتارىغا كىرىدىغان ئەمەل ۋە ئېتىقادلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالدى. خەلقنىڭ ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ھالەتتە بولغان بەزى دىنىي زىيالىيلار مۇپتىلا بولغان

شېرىكنىڭ قاتارىغا كىرىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئۇرۇش ئاچتى. ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامى بىلەن قۇربانلىق قىلىش، نەزىر قىلىش، ئەۋلىيالار ۋە ئۇلۇغ كىشىلەر ئۈچۈن روزا تۇتۇش، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ تىلەك تىلەش، ئۇلاردىن پانا تىلەش، ئۇلاردىن خۇددى ئاللاھتىن قورققاندەك ياكى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ قورقۇش، ئۇلارنى خۇددى ئاللاھنى ھۆرمەت قىلغاندەك ياكى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ھۆرمەت قىلىش، تۇرغان جايلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئۇلار تۇرغان ئۆي، ئىشلەتكەن نەرسە ـ كېرەك، قىسقىسى، ئۇلارغا مەنسۇپ نەرسىلەرنى خۇددى ئاللاھنىڭ ئۆيىگە، ھەرەم شەرىپكە، شەرىئەتتە مۇقەددەس دەپ بەلگىلەنگەن جايلارغا ھۆرمەت قىلغاندەك ئېھتىرام بىلدۈرۈش، قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ كىشىنىڭ بەختىلىك ياكى بەختسىز بولۇشىغا، ساغلام ياكى كېسەلچان بولۇشىغا، كەمبەغەل ياكى باي بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىش.... ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئېتىقاد ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇزىدىغان، شېرىك بىلەن ئوخشاش مەنىگە كېلىدىغان بۇزۇق ئېتىقاد ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلېۋىي ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئېتىقادىنى چۈشەندۈرۈشتە سەلەف (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيەلىگەن تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار) نىڭ ئەقىدىسى ۋە ئېتىقادىنى ئاساس قىلغان، قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشىنىشتە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئىدى. بۇ ھەقتە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىيە قاتارلىق ئالىملارنى ئۆزىگە ئۈرنەك ئالغان ئىدى. ئەقىدە ھەققىدە يازغان «ئەلئەقىدەتۇل ھەسەنە» ناملىق كىتابىدا بۇنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلەۋىي پارس تىلىدا يازغان «ۋەسايە» ناملىق ئەسىرىدە سەلەفنىڭ ئەقىدىسى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

«ئېتىقاد ۋە ئەمەلدە كىتاب ۋە سۈننەتكە مەھكەم ئېسىلىش ۋە ھەردائىم ئۇنىڭ بويىچە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئەقىدە ھەققىدە تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ مېتودىغا ئەگىشىش كېرەك. سەلەفىي سالىھىنلارنىڭ ئۈستىدە كۆپ توختالمىغان، بەكمۇ ئىنچىكىلەپ، ئېچكىرىلەپ كەتمىگەن، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە مۇتەشابىھ (مەنىسىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدىغان، ئاللاھ ۋە رەسۇلى تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلمىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر) ھەققىدە بەكمۇ ئىنچىكىلەپ توختالماسلىق، پەلسەپەچىلەرنىڭ، ئۆزىنى ئەۋلىيا، ئالىم چاغلىغانلارنىڭ كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدىغان، ئىككىلەندۈرىدىغان كۆزقاراش ۋە پىكىرلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق كېرەك.»

ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە سەلەفى سالىھىنىنىڭ كۆزقارىشىغا ئەگىشىشى، قالايمىقان، خاتا پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرى، بەزىدە بەزى سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە بارغان پەلسەپەچىلەرنى رەت قىلىشى، ھەدىس ۋە سۈننەتكە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئىتائىتى، شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلېۋىينى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنى قوللاشقا، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېلىپ باردى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىبنى تەيمىيە يېقىنقى ئەسىردە ھەققىدە كۆپ تالاش ـ تارتىش

www.uyghurkitap.com

قىلىنغان، ھاقارەتلەرگە، گۇمانلارغا، تۆھمەتلەرگە دۇچار بولغان بىر شەخستۇر. شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ئۇنى ئەڭ گۈزەل ئىپادىلەر بىلەن ماختايدۇ، قوللايدۇ. «ئەتتەفھىماتۇل ئىلاھىييە» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ:

«شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىچىدە كىتاب، سۈننەت، سەلەفنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىگە خىلاپ ۋە دەلىلى بولمىغان ھېچ بىر شەيئى يوق. دۇنيادا بۇنداق بىر ئالىمنىڭ بولۇشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. يېزىق ۋە تىل بىلەن تەبلىغ قىلىشتا ئۇنىڭ دەرىجىسىگە كىم يېتەلەيدۇ؟! ئۇنىڭغا قارشى چىققانلاردا ئۇنىڭدىكى بىلىمنىڭ ئوندىن بىرى يوق.»

**2 - ھەدىسلەرنى كەڭ يېيىش ۋە ھەدىس بىلەن فىقھىنى بىرلەشتۈرۈش يولىدىكى پائالىيەتلىرى**

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىينىڭ ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئەڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىدىن بىرى ھەدىسلەرنىڭ بۇ رايوندا تارقىلىشى، يەرلىشىشىنى تەمىن ئەتمەك، ھەدىس دەرسلىرىنى يېيىشى ۋە بۇ بۈيۈك ئىلىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ئىدى. بۇ ھەقتە يازغان ئەسەرلىرى ئىنتايىن دىققەت بىلەن ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ دىنىي تەبلىغ ۋە ئىسلاھات ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلىقى ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئۇ «مۇھەددىس» دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىينىڭ ھەدىسكە بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىشىدە ئىككى ئاساسلىق سەۋەب بار ئىدى. بىرىنچىسى: ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەدىسنىڭ يېرى. ئۇنىڭ قارىشىچە ھەدىس پۈتۈن ئىلىملەرنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسىدۇر. دىنىي ئىلىملەرنىڭ ئاساسى بولۇشى جەھەتتىنمۇ قۇرئاندەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. ئىككىنچىسى: ئۇ ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەمەلى بۇزۇقلۇقىنىڭ تۈزۈلىشى ئۈچۈن سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ھەر ئەسىردە كەلگەن ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئۈممەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرىنى بىدئەت، خۇراپاتلىقلاردىن تازىلاشتا ئاساسلانغان ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان قورال ھەدىستۇر. ئۇ، ئېتىقاتتا، ئەمەلدە ۋە ئەخلاقتا كىتاب، سۈننەتنى يولباشچى قىلىپ قوبۇل قىلمىغىچە ھەقىقىي مۇكەممەل ئىمانغا ئىگە بولغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. سەلەفنىڭ ئەقىدىسىنى پەقەت سۈننەت بىلەن قوغداپ قالغىلى بولاتتى. ئەگەر سۈننەت تەرك قىلىنسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى تاشلاپ قويۇلسا ئۈممەت پارچىلىنىپ، بۆلۈنۈپ كېتەتتى. «پەيغەمبەردە سىزنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر ئۈلگە باردۇر» (ئەھزاب سۈرىسى 21 - ئايىتىدە ئېيتىلغاندەك، كىشىلەرگە ئۆگىتىلگەن ئىبادەتلەردە، بېرىلگەن پەتىۋالاردا ھەدىسنىڭ تاشلاپ قويۇلۇشى دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ تۇرمۇشقا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ ھەتتا ئىمكانسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. سۈننەتنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي ھەدىسلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئومۇملىشىشىغا، دەرس قىلىپ ئوقۇتۇلۇشىغا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

ھىجرىيە ئونىنچى ئەسىر ۋە ئونىڭ باشلىرىغا قارىغىنىمىزدا، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ھەدىسكە ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەدىس ئىلمى ئۇنتۇلۇشقا يۈز تۇتقان، كىشىلەر شېئىر، يۇلتۇزلار ئىلمى، پالچىلىق، پەلسەپە، مەنتىق، شەيخ، سوپىلارنىڭ ئەپسانە - ھېكايىلىرىنى ئىلىم دەپ ئوقۇيتتى. ھەدىس ئىلمىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملاشقان ئىدى. ھەتتا ئالتە سەھىھ كىتاب ۋە ئۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرىنىمۇ بىلمەيتتى. بىلىدىغان ئەڭ چوڭ كىتابى ئەسساغانىنىڭ «مەشارىقۇل ئەنۋار» ئىدى. ئەگەر بىر كىشى ئەلبەغەۋىنىڭ «مەسابىھۇسسۇننە» ۋە ياكى «مىشكاتۇل مەسابىھ»نى بىلسە، ئۆزىنى «مۇھەددىس» دەرىجىسىگە يەتتىم دەپ چاغلايتتى. بۇ يەرلەردە ئادەتتە پەلسەپە ۋە سوپىزملىق كەڭ قانات يايغان ئىدى. سوپىلارنىڭ سۆزلىرى ئاساسلىق تېما قىلىنغان كىتابلار كەڭ تارقالغان ئىدى ۋە بۇ كىتابلار ھەدىسلەردەك مۇقەددەس بىلىنەتتى. سوپىلاردا سالام سەجدىسى، قەبرىلەرنىڭ مەسجىد قىلىنىشى، ئۇ يەردە مۇم يېقىش، ئەتراپىنى مۇقەددەس دەپ بىلىش ۋە خۇددى كەبىنى تاۋاپ قىلغاندەك تاۋاپ قىلىش، ھەرخىل مۇراسىملار ئۆتكۈزۈش، ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈش، ئەۋلىيا - ماشايىخلار ئۈچۈن قان قىلىش، روزا تۇتۇش.... قاتارلىق بىر ئۈچى شېرىككە بېرىپ تۇتىشىدىغان نۇرغۇنلىغان بىدئەت كەڭ تارقالغان ئىدى.

مانا مۇشۇنداق بىر چاغدا شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، بىدئەت ۋە سۇننەتنى ئايرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىشى ئىنتايىن ئورۇندا ۋە ۋاقتىدا بىر ھەرىكەت ئىدى. شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىينىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بىلەن ھەدىس ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىلىشكە باشلىدى. ھەدىس ئىلمى ئوقۇتۇلىۋاتقان دەرسلىكلەر ئىچىگە مۇھىم بىر دەرسلىك قىلىپ قوشۇلدى، ئىلمىنىڭ ۋە كامالەتنىڭ سىمۋولى ھالىغا كەلدى. كىشىنىڭ قانچىلىك بىلىملىك ئىكەنلىكىگە باھا بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قانچىلىك ھەدىس بىلىدىغانلىقى ئاساس قىلىنىدىغان بولدى. ئالتە ھەدىس كىتابى، بولۇپمۇ بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى ئوقۇتۇش كەڭ تارقالدى. خەلقنىڭ تېخىمۇ ئاسان پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھەدىس كىتابلىرى تەرجىمە قىلىندى. پۈتۈن بۇ پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستان ھەدىس ئىلمىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

شاھ ۋەلىيۇللاھ دىھلىۋىي يەنە مەزھەب جاھىللىقى، ئىجتىھاد ۋە تەقلىد، ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىشى، ئۇممەتنىڭ سىياسى ھاياتى، دەۋرگە ماسلىشالايدىغان، مۇسۇلمانلارغا دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ياخشى يولباشچى بولالايدىغان تالانتلىق، قابىلىيەتلىك، ياش رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقاندۇر. جانابى ئاللاھ ئۇنى نۇر ئىچىدە يېتىشقا ۋە قىيامەتتە جەننەتتە پىردەۋستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشنا بولۇشقا مۇيەسسەر قىلسۇن! (ئامىن!)

www.uyghurkitap.com

# ئەسەرلىرى

ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان شاھ ۋەلىيۇللاھ ھەر ئىككى تىلدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەر يازغان.

**قۇرئان ۋە پەلسەپەگە دائىر ئەسەرلىرى:**

«فەتھۇلخەبىر بىما لا بۇددە فىت تەپسىر» قۇرئاننىڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن قىيىن كەلىمىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى.

«فەتھۇررەھمان فى تەرجىمەتۇل قۇرئان» قۇرئاننىڭ پارسچە تەرجىمىسى.

«ئەل فەۋزۇل كەبىر فى ئۇسۇلىت تەپسىر» تەپسىر مېتودى ھەققىدە پارسچە يازغان ئەسەردۇر.

«مۇقەددىمە فى قاۋانىنىت تەرجىمە» قۇرئاننىڭ پارسچە تەرجىمىسى ۋە بىر قىسىم كەلىمىلەرنىڭ شەرھىسى.

«تەۋىلۇل ھەدىس» پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسىگە دائىر ياخشى بىر ئەسەردۇر.

«ئەز زەھراۋان» بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنىڭ تەرجىمىسىدۇر.

**ھەدىس ئىلمىگە دائىر ئەسەرلىرى**

«ئەل ئەربەئىن» ئەرەبچە يېزىلغان قىرىق ھەدىستۇر.

«ئەل فەدلۇل مۇبىن فى ھەدىس نەبىيىل ئەمىن» ئەرەبچە يازغان.

«ئەل ئىرشاد ئىلا مۇھىمماتى ئىلمى ئىسناد» ئەرەبچە يېزىلغان كىچىككىنە كىتابچىدۇر. ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بىر ئەسەردۇر.

«ئەل مۇساففا شەرھۇل مۇۋەتتا» يەھيا ئىبنى يەھيا ئەللەيسىنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغان مۇۋەتتانىڭ پارسچە شەرھىسىدۇر.

«ئەل مۇسەۋۋا شەرھۇل مۇۋەتتا» ئەرەبچە شەرھىدۇر.

«ئەن نەۋادىر مىن ئەھادىسى سەيىدىل ئەۋائىل ۋەلئەۋاخىر» ئەرەبچە يازغان.

«رىسالە فىل ئىسناد» ھەدىسلەرنىڭ ساغلاملىقى ھەققىدە يېزىلغان پارسچە ئەسەردۇر.

«شەرھۇ تەرجىمە ئەبۋابۇلبۇخارى» بۇخارىنىڭ شەرھىسىدۇر. ئەرەبچە يازغان.

**ئەقىدە ۋە ئەھلى سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى**

«ھۇسنۇل ئەقىدە ۋەيا ئەل ئەقىدەتۇل ھەسەنە» ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك قىسقىچە ئەسەردۇر.

«ئىزالەتۇل خۇفا ئەن خىلافەتىل خۇلەفا» پارىسچە يازغان ئەسەردۇر.

«قۇررەتۇل ئەينەيىن فى تەفدىلى شەيخەين» رافىزىلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئەرەبچە ۋە پارىسچە يازغان ئەسەردۇر.

«ئەل مەكتۇبۇل مەدەنى فى ھەقائىقىت تەۋھىد» تەۋھىد ھەقىقىتىگە دائىر ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇللاھ ئەررۇمىگە يازغان خېتىدۇر.

«ئەل مۇقەددىمەتۇس سەنىيە فى فىرقەتىس سەنىيە» ئەرەبچە يازغان.

«تۇھفەتۇل مۇۋەھھىدىن» پارسچە يېزىلغاندۇر.

**ئىسلام ھوقۇق پەلسەپىسىگە دائىر ئەسىرى**

«ھۇججەتتۇللاھىل بالىغە» ئىسلام ھوقۇق پەلسەپىسىگە دائىر يېزىلغان ئەرەبچە ئەسەر.

**فىقھىغا دائىر ئەسەرلىرى**

«ئىقدۇل جىد فى ئەھكامىل ئىجتىھاد ۋەت تەقلىد» ئىجتىھاد ۋە تەقلىد ھەققىدە يازغان.

«ئەل ئىنساب فى ئەسبابىل ئىختىلاف بەينەل فۇقاھا ۋەل مۇجتەھىدىن» فىقھىچىلار، مۇجتەھىدلەر، ھەدىسچىلەر ۋە قىياسچىلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تىما قىلغان ئەسەردۇر. ئەرەبچە يازغان.

**سوپىزىملىققا دائىر يازغان ئەسەرلىرى**

«ئالتافۇل قۇددۇس فى لەتائىفىن نەفس» پارسچە يازغان.

«ئاتىيەبۇن ناغام فى مەدھى سەيىدى ئەرەب ۋەل ئەجەم» پارسچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتاپ يېزىلغان قەسىدىلەر توپلىمىدۇر.

بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر يازغان.

**تارىخ ۋە تەرجىمىھالغا دائىر ئەسەرلىرى**

«ئەنفاسۇل ئارىفىن» ئەجدادىنىڭ، ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغان پارسچە.

«مەجمۇئەتۇر رىسائىل فى مەناكابىل ئىمام ئەلبۇخارى ۋە فەدلى ئىبنى تەيمىيە» ئەرەبچە ۋە پارىسچە يازغان.

«سۇرۇرۇل مەھزۇن» پارىسچە يازغان.

## خەتلىرى

«شاھ ۋەلىيۇللاھ كى سىياسى مەكتۇبات» ھەرخىل سىياسى تېمىلار ھەققىدە يېزىلغان 358 پارچە خەتنىڭ توپلىمىدۇر.

يەنە «ھاياتى ۋەلى ۋە كەلىماتى تايىيبات» ناملىق كىتابىدىن توپلانغان نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە، پارسچە خەتلىرى بار.

## شېئىرلىرى

«دىۋانۇش شېئىرىل ئەرەبى» ئوغلى شەيخ ئابدۇلئەزىز توپلىغان. شەيخ رافىددىن تەرىپىدىن يېزىلغان.

يەنە «ھاياتى ۋەلى ۋە كەلىماتى تايىيبات» ناملىق كىتابلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە، پارىسچە شېئىرلەر بار.

## ھەرخىل تېمىلاردا يېزىلغان باشقا ئەسەرلىرى

«رىسالەتۇ دانىشمەندى» ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رىئايە قىلىشىغا دائىر مېتودلار تىلغا ئېلىنغان.


«كىتابۇل ۋەسىيە» پارسچە يېزىلغان بۇ ئەسەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش مېتودلىرى، پايدىلىق كىتابلار، تەبلىغ مېتودىغا دائىر مەسىلىلەر يېزىلغان.

«ئەس سىررۇل مەكتۇم فى ئەسبابى تەدۋىنىل ئۇلۇم» ئەرەبچە يېزىلغان ئەسەردۇر.

«ئەل مەقالەتۇل ۋادىيە فىل ۋەسىيەتى ۋەننەسىھە» پارسچە يېزىلغان.

«سەرىف مائىر» پارسچە يېزىلغان.

«ئەررىسالە فىررەددى ئەلا ئەش شەيخ خوجا ھورۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلباقى».






# ئاتا مالىك جۇۋەينى

## تارىخى جاھانكۇشاي

**(ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى)**

ئاتا مالىك جۇۋەينى (1226ـ1303) پېرسىيەنىڭ جۇۋەين ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادى سەلچۇق ۋە خارەزم سۇلتانلىقىدا «ساھىب دىۋان» (مالىيە ۋەزىرى)مەنسىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن «ساھىب دىۋان» جەمەتىنىڭ پامىلىسى بولۇپ قالغان. دادىسى باھاۋىددىن موڭغۇللار دەۋرىدە خۇراسان، مازاندىراندا «ساھىب دىۋان»لىق مەنسىپىدە بولغان. جۇۋەينى 20 ياشقا كىرمەستىنلا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدا مەمۇرى ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىغان بولۇپ، كېيىن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئەمىرى ئارغۇننىڭ كاتىبلىقىنى قىلغان. شۇڭا ئارغۇن ھەر قېتىم موڭغۇلىيەدىكى قارا قورۇمغا سالامغا كەلگەندە جۇۋەينىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. 3 ـ قېتىم (1252ـ1253 ـ يىللىرى) قارا قورۇمغا سالامغا بېرىش سەپىرىدە دوستىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغان. كېيىن باغدادنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ، مەمۇرى خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن بۇ

ئەسەرنىڭ داۋامىنى تاماملىيالمىغان.

«تارىخى جاھانكۇشاي»دا چىڭگىزخاندىن ھىلاكۇ ھەششىيە مەزھىبىنى باستۇرغانغا قەدەر بولغان تارىخ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەسەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. 1 ـ قىسىم 41 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھاياتى ھەم ئۇيغۇرلار، قارا خىتايلار ھەققىدە بايان قىلىنغان. 2 ـ قىسىم 32 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ تۈركىستان ۋە پېرسىيەدىكى پائالىيىتى بايان قىلىنغان. 3 ـ قىسىم 16 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تولۇي، موڭكو ۋە ھىلاكۇ دەۋرىدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

جۇۋەينى ئۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى تەپسىلى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىسلام دىنىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى، باشقا دىن ۋە غەيرى مەزھەبلەرگە بولغان چوڭقۇر نەپرىتىنى گەۋدىلىك بايان قىلغان. شۇڭا ئەينى چاغدا ھازىرقى تۇرپاننى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇرلىرى ۋە شۆھرەت تاپقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نەپرەت بىلەن قاراپ، «ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى بىلىم ۋە ئىلىمنىڭ چوققىسى قىلدى» (Boyle.pp 7 , 何 6页) «تاتارلار ئۆزىنىڭ يېزىقى بولمىغاچقا، ئۇ (چىڭگىزخان) موڭغۇل باللىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىشكە ھەم ياساق ـ پەرمانلارنى پۈتۈشكە بۇيرىدى.» (Boylepp 25, , 何 28页) دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ چىدىماي قالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان. شۇنداقتىمۇ، ئەسەرنىڭ تارىخي ماتېرىياللىقى ناھىيىتى يۇقىرى بولغاچقا، ھەر قايسى جايلاردا كۆچۈرۈلۈپ پايدىلىنىلغان ۋە ساقلانغان.

«تارىخى جاھانكۇشاي»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ھەققىدە ز. ۋ. توغان: ‹مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر سەمەرقەندى، يەنە بىر ئىسمى مۇھەممەد باخشى تەرىپىدىن ھىجرىيىنىڭ 724 ـ يىلى مەردىنىدە يېزىلغان ‹جىھانگۇشايى جۇۋەينى› نۇسخىسىدا (قەدىمكى) ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە شېئىرلار يېزىلغان› دەپ ئۇچۇر بېرىدۇ.

A.Z.V.Togan: Umumi Türk Tarihi’ne Giriş, Enderun Kitabevi, İstanbul, 1981, sayfa 272 –c.

ئىرانلىق ئالىم قەزۋىنى «تارىخى جاھانكۇشاي» نىڭ پارسچە نۇسخىلىرىنى توپلاپ ـ تەھقىقلەپ، ئەسەرنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، 1912، 1913 ۋە 1937 ـ يىلى پارسچە نەشرى قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئەنگلىيەلىك پارسشۇناس بويلې (J.A.Boyle) 1958 ـ يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە بىر تالاي ئىزاھات ـ تەھقىقلەرنى قوشۇپ نەشرى قىلدۇرغان.

Juvaini: <The History of The World Conquerror>, Manchester University, Press, 1958.

خەنزۇ موڭغۇلشۇناس خې گاۋجى (何高济) ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1981 ـ يىلى كۆكخوتتا ئىككى جىلدلىق كىتاب قىلىپ نەشرى قىلدۇرغان.
（志费尼：＜世界征服者史＞，内蒙古人民出版社，1981年，呼和浩特）

تۈركىيەلىك Mürsel Öztürk پارسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، 9199 ـ يىلى ئەنقەرەدە بىر جىلدلىق ۋە ئىككى جىلدلىق نۇسخىلاردا نەشرى قىلدۇرغان... لېكىن، تۈركچە تەرجىمىسى يۇقىرىقى ئىككى نۇسخىدەك تولۇق چىقمىغان.

www.uyghurkitap.com

(Ata Melik Cüveini: “Tarih-i Cihangüşa” Kültür Bakanlığı , Ankara , 1999)

گەرچە كىتابنىڭ پارسچە ئەسلى نۇسخىسى قولىمىزغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئۈچ خىل تەرجىمە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، 1 ـ قىسمىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بەش بابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ پايدىلىنىشىڭلارغا سۇندۇم. پايدىلىنىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ھەر بابنىڭ ئىما ئاستىغا ئىنگلىزچە ( Boyle.pp دەپ)، خەنزۇچە ( 何 页 دەپ) ۋە تۈركچە (Mürsel Sayfaدەپ) تەرجىمىسىدىكى بەت ئورنىنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

## 5 ـ باپ

# ئىدىقۇتنىڭ ئىتائىتى ۋە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىستىلا قىلىنىشى

(Boyle.pp 45-48 , 何49-50 页, Mürsel 97-98 Sayfa)

ئۇيغۇر تۈركلىرى باشلىقلىرىنى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتايدۇ. مەنىسى، «بەخت ئىگىسى» دېگەن بولىدىكەن. بۇ ۋاقىتتىكى ئىدىقۇت بارچۇق ئىسىملىك كىشى ئىدى. قاراختايلار ماۋەرائۇننەھر ۋە تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغان يىلى باھاردا، بارچۇقمۇ ئىتائەت قاپقىنىغا چۈشۈپ قىلىپ، ئۇلپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. قاراختاي شاھى شاۋكەم ئىسىملىك كىشىنى شاھنەلىققا ئەۋەتكەن. شاۋكەم ھۆلىنى چىڭىتىۋېلىپلا نوچىلىق قىلىشقا باشلىغان. ئىدىقۇت بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ھەر خىل ھاقارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ شەرەپ چومپەردىسىنى يىرتىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاقسوڭەكلەر ۋە ئاۋام خەلق ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىغان. چىڭگىزخان خىتاينى ئىستىلا قىلغان زەپەر خەۋىرى ھەر تەرەپكە تارقالغان. بۇ چاغدا، ئىدىقۇت شاۋكەمنى «قارا خوجا» دەپ ئاتايدىغان شەھەردىكى بىر ئۆيگە قاماپ، ئۆينى ئۇنىڭ بېشىغا ئۆرۈشكە پەرمان بەرگەن. ئاندىن قاراختايلاردىن يۈز ئۆرۈپ، جاھان ئىستىلاچىسى چىڭگىز قاغانغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى جاكارلىغان، ئىدىقۇت ئارقىدىنلا قۇت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، تاربايلارنى چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەن. چىڭگىزخان بۇ ئەلچىلەرنى ناھايىتى كاتتا كۈتىۋالغان. ئامما ئىدىقۇتنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىدىقۇت پەرمانغا بويسۇنۇپ ناھايىتى تېز چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ ئارزۇلىرىغا قېنىشىپ زور شەرەپ بىلەن قايتىپ كەتكەن. زور قوشۇن كۈچلۈككە جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئىدىقۇت بۇيرۇققا ئاساسەن ئەسكەر باشلاپ ئۇيغۇر ئېلىدىن يولغا چىققان، پەرمانغا بويسۇنۇپ، ئۇ 300 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن ھەم خاننىڭ بىر بېلىكى بولغان. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىدىقۇت ئائىلە ـ تاۋابىئات ۋە مالايلىرىنى مۇلازىم قىلىش ھوقۇقىغا قايتا ئېرىشكەن. كېيىن چىڭگىزخان سولتان مەھمۇتنىڭ دۆلىتىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشكە ئىدىقۇت يەنە پەرمان بويىچە ئەسكەر باشلاپ چىققان. چاغاتاي بىلەن ئوگۇداي ئەمر بويىچە ئوترارنى قورشىغاندا، ئۇمۇ بىرگە ئەگەشكەن. ئوترار قولغا چۈشكەندىن كېيىن توربای، ياساۋۇر،

غاداق ئەسكەر باشلاپ ۋاقاشىپ تەرەپكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇمۇ قوشۇن بىلەن بىرگە يۈرگەن. ئەڭ ئاخىرى يۇرتىغا قايتقان. چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا قايتا قوشۇن تارتقاندا، ئىدىقۇت ئوخشاشلا پەرمان بويىچە ئادەملىرىنى باشلاپ بەشبالىقتىن يولغا چىقىپ چىڭگىزخان بىلەن ئۇچراشقان.

مۇشۇنداق ماختاشقا ئەرزىيدىغان تۆھپىنى قەدىرلەش ئۈچۈن چىڭگىزخان ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى ئېشىپ، بىر قىزىنى ياتلىق قىلىپ بەرمەكچى بولغان. چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتى تۈپەيلى بۇ قىز ياتلىق بولالمىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇتمۇ بەشبالىققا قايتقان. ئوگۇداي قاغان تەختتە ئولتۇرغاندا، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئالتۇن بېكىنى ياتلىق قىلغان. ئۇ يېرىم يولدا قازا قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قاغان يەنە ئالاچىن بېكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان. ئەمما بېكىنى ئۇزىتىشتىن ئىلگىرى ئىدىقۇت ئاخىرەتكە سەپەر قىلغان. كېيىن، ئوغلى كەسمەس ئىدىقۇت بولغان. ئالاچىن بېكى بىلەن توي قىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي كەسمەسمۇ قازا قىلغان. ئۇنىڭ قېرىندىشى سالىندى خانىش تۆرەگەنە خاتۇننىڭ ئەمرى بويىچە ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىدىقۇت بولغان. سالىندى تەختتە ئولتۇرغاندا ناھايىتى تىنچلىق بولغان. ئۇ ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. بىراق «ئۇتۇق ئاتا قىلغۇچى ئاللاھتۇر».

# 6 ـ باپ

## ئۇيغۇر تارىخىنىڭ داۋامى

(Boyle.pp 49-53 , 何55-59 页, Mürsel 98-102 Sayfa)

بۇ باپ گەرچە موڭكو قاغان تەختتە ئولتۇرغان باپنىڭ كەينىگە قويۇلغان بولسىمۇ، ئامما بۇ بۆلۈم تارىخنىڭ ئومۇمىي ئورونلاشتۇرۇلۇشى بويىچە بولغاندا، بۇنى بۇ يەرگە قىستۇرغان تۈزۈكرەك، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ تەرتىپكە ھۆرمەت قىلغان تۈزۈك.

پادىشاھى ـ ئالەم موڭكو قاغاننىڭ ئىتائىتىگە ئۆتكەن بۇ چاغدا، بەزىلەر سۇيىقەست پىلانلاپ، ئالا ـ تويىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ كىشىلەر ئۇيغۇر بۇتپەرەست، دۆلەت ۋەزىرى بالا بىتىكچىنى ئىدىقۇتنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى (ھەر قانداق نىمە ئۆز خىلى بىلەن). بالا بىتىكچى نۇرغۇن قەسەم ۋە ساناقسىز ھىلە ـ مىكىر بىلەن ئىدىقۇتنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇ ئۇيغۇرلار بەشبالىغ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ دۇنيا، پەرزەنتلىرىنى بۇلاشنى، بەش تۈمەن ئەسكىرىنى قوراللاندۇرۇپ، تاسادىپى جەڭگە تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە پىلان كۆرسەتتى. بۇ سۇيىقەستكە بىلگە قۇت، بولمىش بۇقا، ساقۇن، ئايتېكەچ قاتارلىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئاستىرتتىن قاتناشتى. ئۇلار بىر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، مەسچىت ئەتراپىغا مۆكتۈرۈپ قويۇلغان ئەسكەرلەر يوپۇرلۇپ چىقىپ، ئۇلارنى ئاخىرەتكە يوللاپ ئىسلام قوشۇننى بىتچىت قىلىشنى پىلانلاشتى.

ئۇلار ئاللاھ ياندۇرغان چىراقنى ئۆچۈرمەكچى،
ئۇلار ئاللاھ بەرگەن ئىنئامنى چۆرىۋەتمەكچى.

سوٸیقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پىلاننى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئىدىقۇت قايىمىش، خوجا، ناقۇ بىلەن كۆرۈشۈشنى سەۋەب قىلىپ، بارگاھىنى شەھەر سىرتىغا ئەپ چىقتۇرۇپ تىكتۇردى. ئۇيغۇر قوشۇنىمۇ يىغىلىپ بولدى. بۇ ۋاقىتتا، بىلگە قۇتنىڭ تەگمىش ئىسىملىك قۇلى، بىر ئاخشىمى ئۇلارنىڭ سوٸیقەستلىك پىلاننى ئاڭلاپ قالدى. قۇل ئاڭلىغانلىرىنى ئىچىدە ساقلاپ يۈردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن بازاردا بىر مۇسۇلمان بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ: «ھازىرچە مۇشۇنداق نوچىلىق قىلىپ تۇر، ئىشقىلىپ سىنىڭ 3 كۈنلۈك ئۆمرۈڭ قالدى» دەپ سالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئوردىنىڭ سادىق ۋەزىرى، ئالىي مەنسەپدار ئەمىر سەيفىددىن بەشبالىقتا ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ئۇ تەگمىشنى تاپتۇرۇپ كېلىپ تاكاللاشقان چاغدىكى سىرلىق گەپنىڭ مەنىسىنى سورىدى. تەگمىش شۇنىڭ بىلەن بىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى ئاشكارىلىۋەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا قاغانىمىزنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىپ سوٸیقەستچىلەرنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىدىقۇت شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاسىيلىق خىيالىنى تاشلاپ ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقتى. سەيفىددىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى تىگمىش بىلەن يۈزلەشتۈرۈلدى. تەگمىش قىلچە تېنىۋالماي، ئۇلار يىغىلىش قىلغان يەرنى، ۋاقتى ۋە قاتناشقۇچىلار بىلەن قوشۇپ ئېيتىۋەتتى. ئۇلار قورققىنىدىن ئامالسىز روھلىرى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا باشقىچە چىقىش يولى بولمىغاچقا، بىز ھېچنىمىنى بىلمەيمىز دەپ تېنىپلا تۇرۇۋېلىشتى. ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمنەپەسلىرى بىر مۇنچە غەلۋە - غوۋغادىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بايان قىلىپ كاپالەتنامە يېزىشتى. تىگمىشمۇ ئېيتقانلىرىنىڭ راسلىقىنى ئىسپاتلاپ كاپالەتنامە يازدى. باشقا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىمۇ «ئەگەر ئارىمىزدا بىرەرسى بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولۇپ يوشۇرۇپ ئېيتمىسا، ياكى بىرەر سوٸیقەست ئاشكارا بولۇپ چىقسا ئۇ ئادەممۇ سوٸیقەست پىلانلىغۇچىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ جېنى ۋە مېلىدىن جۇدا قىلىنىدۇ.» دەپ ئىسپات يېزىشتى. تىگمىش تۇرۇپ بۇ ئىشنى قارىغاندا بېيشبالىقتا ھەل قىلغىلى بولمىغۇدەك، بىز قاغانىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ چوڭ يارغۇدا بۇ ئىشنى مۇباھىسە قىلىپ ئاقنى ئاق، قارىنى قارا قىلىپ ئايرىش كېرەك. ئېنىق تەكشۈرۈش كېرەك» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، تىگمىش ئەلچىلەر بىلەن ئالدىن يۈرۈپ بۇ ئىشنى ئوردىغا دوكلات قىلدى. ئۇ پەرمان ئېلىپ ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈپ تۇردى. شۇنچە ساقلىسىمۇ ئىدىقۇت ئاشكارا بولمىدى. تىگمىش بۇ ۋاقىتتا بالا بىتىكچىنى يارغۇغا تارتقۇزدى. بالا ئىقرار بولماي تۇرۇۋالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئۇنى يالىڭاچلاپ، دۈمباق چالىدىغان چوكا بىلەن ئۇردى. ئاخىرى ئۇ ئۆزلىرىنىڭ جاھان قاغانى موڭكۇ قاغانغا ئاسىيلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئېيتقانلىرى تىگمىشنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى. شۇڭا، ئۇنى قاماپ قويدى. ئىدىقۇتنى يالاپ كېلىش ئۈچۈن تىگمىش بىلەن ئەلچى موڭگۇ پولاد ئىدىقۇتقا قاراپ يولغا چىقتى. ئىدىقۇت ئەلچى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ،

ئۇلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن باشقا يول بىلەن ئوردىغا قاراپ يولغا چىقتى. تىگمىش بەشبالىقتا تولا ھەيۋە كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار قورقۇپ، ئۇنىڭغا پارا بېرىپ، ئۇنىڭغا كۆپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ ئىدىقۇتنىڭ كەينىدىن ئوردىغا قايتتى.

بۇ ئىشنى موڭكو سەرنويان قولىغا ئالدى، ئىدىقۇت گۇناھى بارلىقىنى ئىنكار قىلىشۋەرگەچكە، ئۇنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئىككى قولىنى سىقىپ مىجىۋەتتى. ئارقىدىن ياغاچ قىسقۇچ بىلەن ماڭلىيىنى قاتتىق قىستى. گۇندىپاي قىسقۇچنى بوشىتىپ، بۇنىڭ كاسىسىغا قاتتىق قىلىپ ئون يەتتە يېرگە ياغاچ مىخ قاقتى. ئىدىقۇت يەنىلا ئىقرار بولمىدى. ئۇلار ئۇنى بولمىش بۇقا بىلەن يۈزلەشتۈردى. بولمىش: «راست سۆزلىمەكتىن باشقا ئامال ساڭا پايدىسىز » دېدى. ئەمما ئىدىقۇت يەنىلا چىڭ تۇرۇپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دېيىشكەن گەپلەرنى دېگىلى ئۇنىمىدى. بالا بىتىكچىنى ئەكىرىپ ئۇلار دېيىشكەن گەپلەرنى باشتىن ـ ئاخىر يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئالدىدا دېگۈزدى. ئىدىقۇت ناھايىتى ھەيران بولۇپ «سەن بالامۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئىسمى بالا بولغاچ، ئۇ «ھەئە» دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئىقرار بولدى. ئۇنى بوشىتىپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە ئاپىرىپ قويدى. بىلگە قۇتمۇ قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي راست سۆزلەپ گۇناھى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. قالغان 2 ـ 3 كىشىمۇ ئايرىم سوراقتا تارتىلىپ، تاتارلارنىڭ قاتتىق قامچىسىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن راست سۆزلەپ، كۆڭلىگە يوشۇرغانىنىڭ ھەممىنى ئېيتتى. كېيىن ئۇلارنى يالاپ ئەكىرىپ كۆرۈشتۈرۈپ پۇت ـ قولىنى بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ سۆيىقەست ـ ئەھد تۈزۈش جەريانىنى سورىدى «ئۇلار: بۇ ھەقىقەتتۇر»، دېيىشتى. ئۇلار: «پەقەت ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىمىز دېيىشتى». شۇڭا ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» دە: «ئۇنداقتا سىلەر بۇ جازانى تېتىپ باقماقچىمۇسىلەر؟» دەپ سورىغاندى.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن جاھان قاغانىغا ئەرز سۇنۇپ، قاغاندىن ئەلچى ئەۋەتىپ ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بەشبالىقتا يالاپ بېرىشقا يارلىق چۈشۈرۈپ بىر جۈمە كۈنى يەنى ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان كۈنى، يۇقىرالار، مۇسۇلمان بۇتپەرەستلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلۇغ قاغانىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلدى. ئىدىقۇتنىڭ قېرىندىشى ئۆگۈنچ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. بىلگە قۇت بىلەن ئايتىكەچنى ھەرىلەپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەلدە رەزىل بىدئەتلەرنىڭ شۇملۇق ھەم پاسكىنا ئېتىقادى سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىلدى. جىنايى ـ گۇناھىنىڭ يىلتىزى قورۇتىۋېتىلدى. بارلىق مەدھىيە ئاللاھقا ـ جىمى ئالەمنىڭ ئىگىسىگە تەئەللۇق، قادىر ئاللاھنىڭ مېھر ـ شەپقەتلىرى بەندىلەرنىڭ گۇل ـ قەقەلىرىنى ئېچىۋەتتى. بۇتپەرەستلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى.

ھەقىقەت يالتىرايدۇ، غىلاپتىن چىققان شەمشەردەك،
ئېھتىيات قىل، ئورماندىكى شىردىن ئېھتىيات قىلغاندەك!

بالا بىتىكچى ئەسلىدە قايمىشنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار ئىدى. سۆيىقەست ئۈچۈن

سوراقىا تارتىلدى ھەم جازاغا تارتىلدىغان چاغدا بۇ مەخپى سۈيىقەستتىن ئاشكارىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئالىلىقاچان قاملىپ بولغان، ھايات قېلىشتىن ئۈمىد قالمىغانىدى. ھازىر ئۇ باشقىلار بىلەن بىرگە شەھەر سىرتىغا ئەپ چىقىلىپ، يالىڭاچلىنىپ، جازا كۆتۈۋاتاتتى. لېكىن بىلى ئاغرىپ قالغاچقا، كېسىلى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇچۇن خەيرى - ساخاۋەت قىلىپ، شۇ كۈنى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغانلارنى كەچۈرۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بالا قىلىچ ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى.

قاراڭلار! سەرۋازلار ئېيتىدۇ، جەڭ مەيدانى شۇنچە تار،
لېكىن قىلىچتىن قۇتۇلماقنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار.

كەچۈرۈم بۇيرۇقى بۇرۇن يېتىپ كەلگەچكە بۇ قېتىم ئۇنىڭ جېنى ئامان قالدى. ئەمما ئۇنىڭ خوتۇن - توقال پەرزەنتلىرى، قول - چاكار، مال - چارۋىلىرى ۋە مەنقۇلات مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىندى.

موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە، بىرەر ئۆلۈمگە مەھكۇم جىنايەتچى ئەگەر كەچۈرۈمگە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنى ئاپىرىپ كالتەكلەيتتى. سەۋەبى شۇكى، ئەگەر ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۆلۈم پۈتۈلگەن بولسا ئۇ چوقۇم جەڭ مەيدانىدا ئۆلەتتى. بولمىسا ئۇنى چوقۇم قايتىپ كېلەلمەيدىغان ئەللەرگە ئەۋەتەتتى ياكى بولمىسا، ھاۋاسى ناھايىتى ناچار يەرلەرگە ئەۋەتىۋېتەتتى. شۇڭا مىسىر بىلەن سۈرىيەنىڭ ئوتتەك قىزىق ھاۋاسى، ئۇلار بالانى يولغا سالماقچى بولغان يەرلەر ئىدى.

ساقۇننىڭ سۈيىقەستكە چېتىلىشى چوڭ بولمىدى. ئۇنىڭ يەنە سارايدىكى ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇيەقەت كاسىسىغا بىر يۈز ئون كالتەك يەپ قۇتۇلۇپ كەتتى.

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بۇ قېتىمقى سۈيىقەستتىكى تىگمىشكە كەلسەك، ئۇ ئەتىۋارلاشقا ئېرىشتى. يەنە قادىر ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىسلام شەرىپىنى ئاتا قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئالتوپىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆگۆنچ خانىنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىردى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇپ، ئىدىقۇت ئاتىقىغا ئېرىشتى.

بۇ ۋەقەلەر 650/ 1252 - 1253 - يىلى يۈز بەرگەن.

# 7. باپ

## ئىدىقۇت بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ كېلىپ چىقىشى

## - ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرى

(Boyle.pp54-61 , 何 62-67页, Mürsel 102-107 Sayfa)

بىز ئۇلارنىڭ تارىخىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنىڭ تارىخ كىتابلارغا يېزىلغان ئۇلارنىڭ

دىنىي ئېتىقادىغا دائىر ئىشلارنى خاتىرلەيمىز. بۇلار غارايىپ رىۋايەت، ھەقىقىي تارىخ قىلىپ ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى دەسلەپتە ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدا كۆپەيگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ دەريا ئۇلار قارا قۇرۇم دەپ ئاتايدىغان تاغدىن باشلىنىدۇ. قاغان يېقىندا بىنا قىلغان شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن كەلگەن. 30 ئېقىن شۇ قارا قۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدۇ. ھەر بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا بىردىن ئۇرۇق ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلار ئورقۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا شەكىللەنگەن ئىككى شاخ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئاھالىسى كۆپەيگەندە باشقا قەبىلىلەرنى دوراپ، قەۋملىرى ئىچىدە بىر كىشىنى ئاتامان سايلاپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار 500 يىلنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بوقۇ خان ئوتتۇرىغا چىققان. ھازىر بەزى كىشىلەر بوقۇخان ئافراسىياپتور، دەيدۇ. قارا قۇرۇم تېغىغا يېقىن بىر جايدا بىر كونا قۇدۇق ۋە يوغان بىر تاش بار ئىكەن. بۇ قۇدۇق پىچان قۇدۇقىمىش.

ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدا بىر شەھەر بىلەن ئوردىنىڭ خارابىسى بار. شەھەر ئىسمى «ئوردۇ بالىغ». ئۇ بۈگۈنكى كۈندە «ماۋۇ بالىغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوردا خارابىسىدىن باشقا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا خەت ئويۇلغان مەڭگۈ تاش بار. بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن. قاغان دەۋردە، بۇ تاشنى يۆتكەپ قارىسا، ئاستىدا بىر قۇدۇق بار ئىكەن. قۇدۇق ئىچىدە بىر خەت چېكىلگەن ئابىدە بار ئىكەن. پەرمان بىلەن ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتىپ كۆرسە، ھېچ كىشى ئوقۇيالمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن خىتايدىن شامان ئاتلىق كىشىلەرنى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئەسلى تاشقا ئويۇلغىنى ئۇلارنىڭ يېزىقى ئىكەن.

ئەينى زاماندا قارا قۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. ئۇ دەريالارنىڭ بىرى «تۇغلا دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىرى «سېلېنگا دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىككى دەريا «قاملاچۇ» دىگەن يەردە بىر ـ بىرىگە قوشۇلىدىكەن. ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا بىر- بىرىگە ياندىشىپ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەنىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ بىرسىنى «قوسۇق» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنىڭ شەكلى قارىغايغا ئوخشاش بولۇپ، يوپۇرمىقى قىش ۋاقتىدا قېيىننىڭكىگە ئوخشىشىپ قالىدىكەن. مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمىمۇ چىلغوزىغا ئوخشايدىكەن. يەنە بىرىنى «تور» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆڭ بار ئىكەن. قۇياش نورىدا بۇ دۆڭ بارغانسېرى ئېگىزلەپتۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشۇپتۇ. ئۇلار بۇ دۆڭگە ئەيمىنىپىرەك تەزىم قىلىپ يېقىنلىشىپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇلارغا ناخشىغا ئوخشاش بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدە ئەمدىلا تۇغۇلغان بۇۋاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، دۆڭلۈكتىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. قارىسا، دۆڭنىڭ ئىچىدە چېدىردەك بەش ھوجرا، بۇ ھوجرىلارنىڭ ئىچىدە ھەر بىرىدە بىردىن ئوغۇل ئولتۇرغۇدەك، بۇ بالىلارنىڭ ئاغزىدا بىردىن ئېمىزگە بار ئىكەن. ھەر بىر ھوجرىنىڭ ئۈستىدە بىر كۈمۈش تور يېپىقلىق تۇرغۇدەك.

قەبىلە ئاقساقاللىرى بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ ھەيرانۇ - ھەس قېلىشىپ، باش ئۇرۇشۇپ تەزىم قىلىشىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا غۇر - غۇر شامال چىققاندەك بولۇپتۇ - دە، ھېلىقى باللار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مېڭىپ تاش ئۆيدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇ باللارغا قاراشقا مەخسۇس بىر ئىنكئانا تەيىنلەپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ نامىغا تورلۇك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. باللار ئەمچەكتىن ئايرىلىش بىلەنلا تىلى چىقىپ، گەپ قىلالايدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار دەرەخكە گويا ئاتا - ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك تىزلىنىپ تەزىم قىلىپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن يەرگىمۇ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ ئىككى تۈپ دەرەختىن ئۈشتۈمتۇتلا: «ئى باللار! سىلەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ، بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار. بىز سىلەرگە ئۇزاق ئۆمۈر، مەڭگۈ شان - شەرەپ تىلەيمىز!» دېگەن سادا كېلىپتۇ. شۇ يەردە ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ كىشىلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىپ، بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادىلەردەك ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا، بۇ باللارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمىنى «سونقۇر تېكىن»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «قۇتۇر تېگىن»، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «تۇكەل تېگىن»، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «ئور تېگىن»، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «بۇقۇ تېكىن» دەپ ئاتاپتۇ.

بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن كۆپچىلىك بۇ بەش ئوغۇلنىڭ ئىچىدە بىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتامانلىققا ۋە قاغانلىققا تاللاشقا بىردەك قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ بەش شاھزادە ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان، دەپ قارايدىكەن. ئۇلار بۇقۇ خاننىڭ پەزىلەت ۋە پاراسەت جەھەتتە باشقا باللاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇڭا، ئۇنى قاغانلىققا كۆرسىتىپتۇ ۋە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەختكە چىقىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادىللىق گىلىمىنى ئېچىپ، زوراۋانلىق بورىسىنى يىغىۋېتىپتۇ. ھەم ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇلازىم، خىزمەتكار ۋە چاكارلىرى بار ئىكەن. قادىر ئاللاھ ئۇنىڭغا جىمى ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ زات ئاتا قىلىپتۇ. ئۇ قەيەردە ئىش بىجىرمەك بولىدىكەن، زاتلار شۇ ياققا بېرىپ، ئەھۋال ئىگەللەپ، خەۋەر ئېلىپ كېلىدىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر ئاخشىمى قارار گاھىدا ئۇخلاۋاتسا، بىر قىزنىڭ سايىسى تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ ئۇنى ئويغىتىپتۇ. ئەمما، ئۇ قورقىنىدىن ئۇخلىغاندەك بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قىز يەنە كېلىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ۋەزىرىنىڭ نەسىھىتى بويىچە، تۇرۇپ قىزغا ئەگىشىپ ئاق تاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغدا، ئىككەيلەن تاڭ ئاتقىچە سۆھبەتلىشىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى تاغ تەرەپكە بېرىپ يەتتە يىل ئالتە ئاي 22 كۈن قىز بىلەن سۆھبەتتە بولۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى قىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشار چاغدا: «مەشرىقتىن مەغرىبكىچە زېمىن سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتىدۇ. تىرىشىپ بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىن. پۇقرالارغا ئۇۋال قىلما» دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ لەشكەرنى جەملەپ، سونقۇر تېكىننى 30 تۈمەن يارامىلىق ئەسكەر

باشلاپ، موڭغۇل بىلەن قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. قۇتۇر تېكىننى 10 تۈمەن ئەسكەر بىلەن تاڭغۇتلارنى بويسۇندۇرۇشقا، تۇكەل تېكىننى 10 تۈمەن ئەسكەر بىلەن تىبەتنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى 30 تۈمەن ئەسكەر بىلەن خىتايلار ئېلىگە ئاتلىنىپتۇ. بىر ئاكىسىنى ئۆز زېمىنىگە قاراشقا قويۇپتۇ. ھەر قايسىلىرى جازا يۈرۈشتە زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، سان - ساناقسىز ئولجىلار بىلەن قايتىشىپتۇ. ئۇلار ئەسىر ئالغان كىشىلەرنى ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىغا يىغىپ، ئوردۇ بالىغنى سالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتكۈل مەشرىق ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپتۇ.

بۇ چاغدا، خان ئاق كىيىم كىيگەن، ئاق ھاسا تايانغان بىر بوۋاينى چۈشىدە كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا قارىغاينىڭ ئۇرۇقىدەك چوڭلۇقتىكى قاشتېشىنى بېرىپ: «ئەگەر سەن مۇشۇ قاشتېشىنى ساقلاپ قالالىساڭ پۈتكۈل ئالەم سېنىڭ ئىلكىڭنىڭ ئاستىدا بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ ۋەزىرىمۇ شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى لەشكەرلىرىنى رەتلەپ مەغرىپكە يۈرۈش قىلىپتۇ. تۈركىستان چېگراسىغا بارغاندا، سۈيى مول، ئوتى ياخشى گۈزەل تۈزلەڭلىككە ئۇچراپ، ئۆزى شۇ يەردە قېلىپ بالا ساغۇن شەھىرىنى ساپتۇ. ھازىر ئۇ شەھەر «قۇز بالىغ» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەم ئەسكەرلىرىنى تۆت تەرەپكە ئەۋەتىپ 12 يىل ئىچىدە جىمى زېمىننى بويسۇندۇرۇپتۇ. بىرەر قارشىلاشقۇچى ياكى قايىل بولمىغۇچىنى قويماي يوق قىلىپتۇ. ئۇلار ئاخىرى شۇنداق بىر يەرگە بېرىپتۇكى، قارىسا ھايۋان گەۋدىلىك ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار يەنە داۋاملىق ماڭسا ئادىمىزات ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر قايسى ئەلنىڭ شاھلىرىنى ئېلىپ قايتىپ بۇقۇ خانغا تەقدىم قىلىشىپتۇ. بۇقۇ خان ھەر قايسىلىرىنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ ناھايىتى ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پەقەت ھىندىستان شاھى بەكلا كۆرۈمسىز بولغاچ، بۇقۇ خان كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بەرمەپتۇ. ئۇلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئولپان ئاپتۇ. سەپىرىدە توسالغۇ قالمىغاچ قوش بالىغدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى قارار قىلىپتۇ.

ئۇيغۇرلار بۇتقا چوقۇنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇ چاغلاردا پېرخونلۇقنى بىلەتتى، پېرخونلۇقنى بىلىدىغان كىشىنى «قام» دەپ ئاتايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، موڭغۇللار بىلەن ئوبنالار ئىشىنىدۇ. ئۇلار يوقىلاڭ سۆزلەپ ئۆزىنى ھەممىدىن خەۋەر بەرگۈچى شەرق ئەرۋاھىنىڭ يىقىنى دەپ ئاتىشىدۇ. بىز بەزىلەردىن قامنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باققان. ئۇلار: ئاڭلىشىمىزچە، ئەرۋاھ تۈڭلۈكتىن كىرىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەرمىش، ئېھتىمال ئالۋاستى ئۇلار بىلەن يېقىندۇر. ھەم ئۇلار بىلەن بىرىش - كېلىش قىلىشىدىكەن. ئۇلار بىر خىل جادۇگەرلىك بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسىنى قاندۇرغاندا، سېھىر كۈچى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىدىكەن دېيىشىدۇ. ئىشقىلىپ بىز ئېيتقان شامان ئاتالغانلار، موڭغۇللار ھېچنىمىنى بىلمەيدىغان قالاق چاغلىرىدا، مۇشۇ قاملارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەلگەنىكەن. ھازىرمۇ موڭغۇل خانلىرى ئۇلارنىڭ تىلاۋەت ۋە چەكلەشلىرىگە بويسۇنىدۇ. ئەگەر بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، بۇ پېرخونلار قوشۇلمىسا بولمايدۇ. بولمىسا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. قاملار يەنە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالىيالايدۇ.

ئۇ دەۋردە خىتايلارمۇ بۇتپەرەسىت ئىدى. بۇقۇ

uyghurkitap.com

خان ئەلچى ئەۋەتىپ تويىن تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن بۇقۇ خان ئۇلارنى قاملار بىلەن مۇباھىسە قىلدۇرۇپتۇ. قايسى تەرەپ يەڭسە، شۇ تەرەپنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلماق بوپتۇ. تويىنلار «نوم» نى قىرائەت قىلىپتۇ. «نوم» ئۇلارنىڭ ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە قاملاشمىغان پاراڭ ۋە رىۋايەتلەر بار ئىكەن. ھەممە بۇنىڭدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمر - نىزام، تەرغىباتلىرىغا ماس كېلىدىغان ئىلغار تەربىيەلەرنىمۇ تاپقىلى بولارمىش، مەسىلەن، كىشىلەرنى ئەسكى ئىش قىلماسلىققا، ياخشىلىققا يامانلىق قىلماسلىققا، ياۋايى ھايۋانلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە دەۋەت قىلىدىغان مەزمۇنلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەمر - نىزامى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئەڭ تىپىك بولغىنى نۆۋەتلىك قايتىلىنىش نەزەرىيىسى ئىكەن. ئۇلار، بۈگۈنكى ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىمۇ بار ئىدى. خەيرى - ساخاۋەت قىلغان سادىق مورىتلارنىڭ روھى قىلغىنىغا قاراپ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. يا شاھ، يا بەگ، يا دېھقان، يا گاداي بولىدۇ. ھارامخور، زىناخور، قاتىل، غەيۋەتخور، زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ روھى قۇرۇت - قوڭغۇز، ياۋايى ھايۋانلارغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇلار يامانلىقى ئۈچۈن يامانلىق كۆرىدۇ. بىراق، ئۇ ۋاقىتتا ئالەمنى نادانلىق قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ. دەپ سۆزلەيدىكەن. «ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇلار قىلالمايدىغان ئىشلاردۇر».

تويىن «نوم» دىن بىر نەچچە پارە ئوقۇغاندىن كېيىن، قامنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى قىلىشىپتۇ. باشقا قەبىلىلەرمۇ ئۇلارنى دوراپ، تولىسى ئۇلگە قىلىشىپتۇ. دۇنيادا مەشرىق بۇتپەرەستلىرىدەك ھوشىنى تاپالمايدىغان، ئىسلامنى ئۈچ كۆرىدىغان بۇتپەرەست يوق.

بۇقۇ خانمۇ بەختلىك ياشاپ ئاخىرەتكە يول ئاپتۇ. بىز خاتىرلىگەن خۇراپىي ئىشلار پەقەت نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەرنىڭ بىر نەچچىسىلا، يۈزدىن بىرىنى بايان قىلدۇق دېگىلى بولىدۇ. بىز بۇلارنى سۆزلەشتىكى مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ نادانلىقىنى ئېچىپ بېرىشتۇر.

بىر دوستۇم، بىر كىتاپ ئوقۇغان ئىدىم، مۇنداق يېزىپتۇ دەيدۇ: بىر ئادەم ئىككى تۇپ دەرەخ ئوتتۇرىسىغا ئورا كولاپ، ئۆزىنىڭ بالىسىنى كىرگۈزۈپتۇ - دە، ئاندىن ئىچىگە شام يېقىپ قويۇپتۇ. ئاندىن، كىشىلەرنى بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈشكە باشلاپ كەپتۇ. ئورىغا قاراپ تەزىم قىلىپ، كىشىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۆگىتىپتۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئالداپ كېتىپتۇ. ئاندىن يەرنى ئېچىپ بالىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ.

بۇقا ۋاپاتىدىن كېيىن چوڭ ئوغلى ئۇنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ.

بىر زامانغا كەلگەندە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە قەۋملىرى ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان، كالىلارنىڭ مۆرىگەن، تۆگىسىنىڭ بوزلىغان، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلىغان، قويلارنىڭ مەرىگەن، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشقان، بۇۋاقلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازلىرىدىن «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئولتۇراق يەردىن كۆچۈپتۇ. ئۇلار قانداق يەردە توختىمىسۇن «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىۋېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرى، ئۇلار كېيىن ياسىغان بەشبالىغ تۈزلەڭلىكىگە

كەلگەنىدە ئاۋاز ئانىدىن بېسىقىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ بەش بازار قۇرۇپ بەشبالىغ دەپ ئاتاپتۇ. بۇ بەش بازار ئاستا ـ ئاستا تەرەققى قىلىپ ناھايىتى چوڭ شەھەر بوپتۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شاھ ـ قاغان بولۇپتۇ. ھەم ئۇزلىرىنى ئىدىقۇت دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ جەمەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېلىقى دەرەخ (ھېلىقى قاغىش تەككۇر دەرەخ) نى ئۇزلىرى ئولتۇرۇشلۇق قورونىڭ تام تۈۋىگە كۆچۈرۈپ كەپتۇ.

## 9. باپ كۈچلۈك بىلەن توقتوغان

(Boyle.pp 62-70 , 何 71-76页, Mürsel 107-111 Sayfa)

چىڭگىزخان ئۆڭخاننى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن قول ئاستىدىكىلەر كۈچلۈكرەك كىشىلەرنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئۇ بەشبالىققا قېچىپ، ئۇ يەردىن كۇچاغا باردى. ئۇ كۇچا تاغلىرىدا پىتىراپ يۈرۈپ، ئاشلىق يەم ـ خەشەكلىرى تۈگەپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرمۇ ياۋا قۇشتەك تاراپ كەتكەن. ھازىر بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە گۆرخاننىڭ سەرۋازلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، گۆرخان بىلەن كۆرۈشتۈرگەنمىش. يەنە بىر خىل پاراڭلاردا، ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بارغانمىش. ئىشقىلىپ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بىر مەزگىل گۆرخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان.

سۇلتان گۆرخاندىن يۈز ئۆرۈشكە باشلىغاندا، مەشرىقتىكى بەگلەرمۇ ئىسيان قىلىپ، چىڭگىزخاندىن باش پاناھلىق ئىزلەشتى. ئۇنىڭ قانات ئاستىغا كىرىپ گۆرخاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولۇشتى. بۇ چاغدا كۈچلۈك گۆرخانغا: «مېنىڭ ئادەملىرىم كۆپ، ئۇلار ئېمىل، قايالىغ، بەشبالىغقا تارالغان. باشقىلار ئۇلارنى بوزەك ئېتىۋاتىدۇ. ئەگەر مەن ئىجازەتكە ئېرىشسەم، ئۇلارنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلارغا تايىنىپ سىزگە ياردەم بېرەلەيتتىم. سىز كۆرسەتكەن تەرەپتىن ھەرگىز يانمايتتىم. كالالام كېتىشىگە قارىماي، بارلىق كۈچۈم بىلەن ھەر قانداق ۋەزىپىنى ئورۇنلايتتىم»، دېدى. بۇ ساختا شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بىلەن گۆرخاننى شۆھرەت تورىغا چۈشۈردى. گۆرخان ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا بېرىپ، ئۇنىڭغا خان دېگەن ئاتاقنى بەرگەنىدە، ئۇ خۇددى يادىن چىققان ئوقتەك ئۈچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ باش كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى تۆت ئەتراپقا تارالدى. قارا خىتاي قوشۇنىدىكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بارلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېمىل بىلەن قايالىغ رايونىغا بېسىپ كىردى. مەركىتلەر ئاقساقىلى چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمى ـ ھەيۋىسىدىن چۆچۈپ كەتكەن توقتوغانمۇ كۈچلۈك بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ھەم كۈچلۈكنىڭ ئادەملىرى چېچىلىپ كەتكەن يەردىن ئۇنىڭ يېنىغا يىغىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپقا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ بىر مۇنچە يەرلەرنى تارتىۋالدى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئادەم سانى كۆپىيىپ زور قوشۇنى بار بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ۋە ئەسكەرلىرى كۆچەيدى. ئاندىن گۆرخانغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ زېمىننى بۇلاپ تالىدى ۋە پۇقرالىرىنى ئاياق ـ ئاستى قىلدى. بېسىپ كىرىپ، چېكىنىپ چىقىپ تۇراتتى. خارەزم

www.uyghurkitap.com

سۇلتانىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغان كۈچلۈك، ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتاننى مەغرىپ تەرەپتىن گۈرخانغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ ئۆزى مەشرىقتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى تەرەپتىن قىستاپ گۈرخاننى يوقاتماقچى بولدى. ئەگەر سۇلتان ئاۋۋال بويسۇندۇرۇپ غەلىبە قىلسا، پۈتكۈل گۈرخانىنىڭ زېمىنى، ئالمالىغدىن قەشقەرغىچە ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغان بولدى. ئەگەر كۈچلۈك ئاۋۋال قول سېلىپ قارا خىتاينى تارتىۋالسا، ھەممە زېمىن فەناكات دەرياسىغىچە ئۇنىڭغا تەۋە بولىدىغان بولدى. مۇشۇنداق كېڭىشىپ، بۇ شەرت بويىچە ئەھدە تۈزۈپ، ئىككى تەرەپتىن قارا خىتايغا ھوجۇم قىلدى. كۈچلۈك ئالدىن ئىگىلىدى. گۈرخانىنىڭ قوشۇنى يىراقتا بارمايلا، تارماي قىلىندى. ئۇ گۈرخانىنىڭ ئۆزكەنتىدىكى بايلىقلىرىنى بۇلاپ، ئۆزكەنتىدىن بالاساغۇنغا ھوجۇم قىلدى. گۈرخان بۇ يەردە قارارگاھ تىككەن ئىدى. ئۇلار سىنۇختا تۇتۇشتى. كۈچلۈك يېڭىلىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ ئۆز ئېلىگە قايتىپ قوشۇننى قايتىدىن رەتلەشكە تۇتۇش قىلدى. كېيىنچە، ئۇ گۈرخانىنىڭ سولتان بىلەن جەڭ قىلىپ ئەسكەرلىرىنى قايتۇرغىنىنى ھەمدە پۇقرالارنى بەك ئېزىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ تارقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. كۈچلۈك شۇئان بۇلۇتتىن چۈشكەن چاقماقتەك تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىپ ئۇنى تىرىك تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ زېمىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى تارتىۋالدى ۋە بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئالدى. نايمانلار ئەسلىدە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئەمما بۇ قىز كۈچلۈكنى خىرىستىيان دىنىنى تاشلاپ، بۇددا دىنىغا كىرىشكە نەسىھەت قىلىپ كۆندۈردى.

سەنەم سىياقىغا كىرىپ ئەسىر قىلدى،
بۇرۇندىن بېشىمغا بۇ كۈنلەر كەلگەندى.
ئىشق ئوتى قەلبىمنى كۆيدۈرەلمەس
چۈنكى، ئوت بۇتپەرەستنىڭ ھەققىدى.

كۈچلۈك قارا خىتاي زېمىنىدە، مۇستەھ-كەملىنىۋالغاندىن كېيىن، ئالمالىغتىكى ئۇزار خان بىلەن نۇرغۇن قېتىم بىللە ئۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇ تۇيۇقسىز ئۇزارخاننى ئوۋ مەيدانىدا تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا قەشقەر بىلەن خوتەن خەلقى ئىسيان قىلغانلىقتىن، گۈر خان قەشقەر خانىنىڭ ئوغلىنى تۈرمىگە تاشلىغانىدى. كۈچلۈك ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، قەشقەرگە يولغا سالدى. لېكىن، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر سۈيىقەست قىلىپ، شەھەرگە كىرەر چاغدا، شەھەر دەرۋازىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا، ھەر قېتىم ھوسۇل يىغىۋېلىش مەزگىلىدە كۈچلۈك ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتەتتى. ئۈچ ـ تۆت يىللاردىن بېرى، ئۇلار زىرائەتلىرىنى يىغىۋالالمىغاچقا، ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، پۇقرالار ئاشلىقتىن قىينىلىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلار گۈرخانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى. گۈرخان قەشقەرگە ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، ھەر بىر ئىگىسى بارلىكى ئائىلىدە بىردىن سەرۋاز تۇرغۇزدى.

شۇڭا ئۇلار ئاھالە بىلەن بىرگە يەپ، بىرگە يېتىپ قوپتى. ھەر تەرەپتىن باسقۇنچىلىق، ئوت قويغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھەممىدە، بوتپەرەست كاپىرلار خالىغانچە ئەسكىلىك قىلاتتى. ھېچبىر كىشى ئۇلارنى توسىيالمايتتى.

كۈچلۈك ئۇ يەردىن خوتەنگە ئەسكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇ يەرنى ئىگەللىدى. ئارقىدىنلا ئاھالىنى ئىسلامدىن چىقىشقا مەجبۇرلىدى. يا خىرىستىيان دىنىغا يا بۇددا دىنىغا كىرىشكە، يا بولمىسا ختاي تونى كىيىشكە، بۇ ئىككى دىنىنىڭ بىرىنى تاللاشقا قويدى. ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش مومكىن بولمىغاچقا، ئىلاجىسىز، ئۇلار خىتايچە كىيىم كەيدى. قادىر ئاللاھ «ئەگەر ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، مەجبۇرى ھالدا ئەسكى ئىش قىلغانلارنى ـ ھەقىقەتەن، ئاللاھ كەچۈرۈپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ» دىگەن. مۇئەززىنىنىڭ ئەزىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزى توختىتىلدى. مەدرىسىلەر ئېتىلدى ۋە بۇزىۋېتىلدى. بىر كۈنى خوتەندە، كۈچلۈك چوڭ ئىماملارنى شەھەر سىرتىغا ھەيدەپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن دىن ھەققىدە مۇنازىرە قىلماقچى بولدى. ئۇلار ئارىسىدىن بىرى خوتەنلىك ئىمام ئالائىددىن مۇھەممەت مەردانىلىق بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇباھىسە قىلدى. قاتتىق جازاغا تارتقاندىن كېيىن، ئۇنى مەسچىتىنىڭ ئىشىكىگە مىخلاپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

بۇلارنى تۆۋەندە يەنە بايان قىلىمىز. مۇشۇنداق قىلىپ، مۇسۇلماندارچىلىق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھەتتا يوق قىلىندى. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم ۋە زۇلمەت ياغدى. ھەممە يەرنى دۇئا-ئىلتىجا قاپلىدى:

يا رەببىم، فىرئەۋىن ئىسيان قىلىپ،
دۇنياسى بىلەن سۇردى بىر مەھەل دەۋران.
ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن،شۇڭا
ئۇنى دەرياغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرغان.

ياماندىن ئات قالىدۇ ھەر زامان،
ئۇ يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتالمىغان؟
ئۇنى يوقاتقۇدەك قۇدرىتىڭ يوقمۇ؟
يوقات ئۇنى، ئۇ سېنىڭ مۈلكىڭ ھامان.

بۇ خۇددى ئىلتىجا ئوقىدىن تاللاغانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، چىڭگىزخان سولتان ئىلىگە قوشۇن تارتىپ كىرگەندە، بىر نويانىنى مۇناپىق كۈچلۈكنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. توپىلاڭ چىقىرىش ئاقىۋىتىنى تازىلىدى. بۇ چاغدا كۈچلۈك قەشقەردە ئىدى. بۇنى قەشقەرلىكلەر مۇنداق بايان قىلىدۇ. ئۇلار كېلىپ تېخى تۇتۇلماستا، ئۇ ئۆرلىپلا قېچىپ كەتتى. مۇڭغۇل قوشۇنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ بىزدىن كۈچلۈكتىن

www.uyghurkitap.com

باشقا ھېچنىمە تەلەپ قىلمىدى. تەكبىر ۋە ئەزان ئېيتىشقا يول قويدى. ھەر بىر ئەلچىنى شەھەرگە كىرگۈزۈپ، ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، دەپ جاكارلاتتى. بىز ئاندىن چۈشەندۇقكى، مۇڭغۇللارنىڭ بولغىنى ھەقىقەتەن بىر خىل شەپقەت ئىكەن. ئاللاھ شاپائىتىنىڭ بىر خىل مېھرىبانلىقى ئىكەن.

كۈچلۈك قاچقاندا، شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقان بارلىق ئەسكەرلىرى خۇددى سىماپ يەرگە سىڭگەندەك بىردەمدىلا يوقتىلدى. ئارقىسىدىن مۇڭغۇللار كۈچلۈكنى قوغلاپ، ئۇ نەگە قاچسا، مۇڭغۇللار شۇ يەرگە قوغلاپ باردى. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇنى سارىك ئىتتەك قوغلاپ بەدەخشانغا بېرىپ دەريائى دىرازى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريانىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ سارىغ چوپلانغا يېقىنلاشقاندا، ئادىشىپ قېلىپ (ئۇك قول تەرەپكە مېڭىشى كېرەك ئىدى) چىققىلى بولمايدىغان بىر جىلغىغا كىرىپ قالدى. بۇ يەردە بەدەخشانلىق بىرنەچچە كىشى مۇشۇ ئەتراپتا ئوۋ ئوۋلاۋاتاتتى. ئۇلار كۈچلۈك ۋە مۇلازىملىرىنى كۆرۈپ، ئۇلار تەرەپكە ماڭدى. موڭغۇللارمۇ يەنە بىر تەرەپتىن يېتىشىپ يېتىپ كەلدى. جىلغا يولى تۈز بولمىغاچقا، مېڭىش بەك قىيىن ئىدى. مۇڭغۇللار ئوۋچىلار بىلەن ئەھدى تۈزۈشتى. مۇڭغۇللار «بۇلار كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، بىزنىڭ قولىمىزدىن قېچىپ كەتكەن. ئەگەر سىلەر كۈچلۈكنى تۇتۇپ بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلار، بىز سىلەردىن ھېچ قانداق نەرسە تەلەپ قىلمايمىز» دېدى. ئوۋچىلار شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قورشىۋېلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ، مۇڭغۇللارغا تاپشۇرۇپ بەردى. مۇڭغۇللار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئادەملىرىگە كۆتەرتىپ قايتتى. بەدەخشانلىقلار سان-ساناقسىز ئۈنچە-مارجان، ئاقچىلارنى ئولجا ئېلىپ ئۆيىگە قايتىشتى.

شۇڭا ئېيتىشقا بولىدىكى، كىمكى ئىسلامنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەقىدىلىرىنى دەپسەندە قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ياخشىلىق كۆرمەيدۇ . ناۋادا كىمكى ياردەم قىلسا، گەرچە ئۆز دىنى بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ چوقۇم كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىپ تەرەققى قىلىدۇ.

ئەگەر ئاللاھ ياندۇۇرسا بىر دانە چىراق،
ئۆچۈرىمەن دىگەننىڭ ساقىلى كۆيەر شۇنداق.

قادىر ئاللاھ: «ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟ (ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ) ئۇلارنى زېمىندا سىلەرنى يەرلەشتۈرمىگەن بىر شەكىلدە يەرلەشتۈرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۆستەڭلەرنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق» دەيدۇ. شۇڭا، قەشقەر، خوتەن، سولتان ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنلارغىچە جاھان ئىستىلاچىسى چىڭگىزخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

توقتوغانغا كەلسەك، كۈچلۈك قاچقاندىن كېيىن ئۇ قامكەمچىككە كەلگەن. چىڭگىزخان چوڭ

ئوغلى جوجىنى زور قوشۇن بىلەن ئۇ قاچقان يولنى بويلاپ بېرىپ ئۇنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. جوجى بۇ ئاپەتنى پاك- پاكىز تازىلىۋەتتى.

ئۇلار قوشۇن قايتۇرغاندا، سولتان ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ بولغان ئىدى. ئۇلار سولتان جەڭگە چاقىرمىغان بولسىمۇ، سولتان ئۆزىنى باسالماي كاللىسى بىر خىل خام خىيال دالاسىغا كىرىپ قالدى. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلمىغاچقا، ئۇلارمۇ جەڭگە تەييارلىق قىلدى. ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىككى قوشۇننىڭ ئوڭ قول تەرەپلىرىگە زەربە بېرىپ، رەقىبىنى يەڭدى. قالغان مۇڭغۇل قوشۇنلىرى بۇ غەلبىدىن ئىلھاملىنىپ قالدى. ئۇلار سولتان ئۆزى باشچىلىق قىلىۋاتقان ئوتتۇرا يولغا ھۇجۇم قىلدى. بوغدا سولتان ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. جالالىدىن ھۇجۇمچىلارنى چېكىندۈرۈپ، ئۇنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ چىقتى.

ئاتا ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن پەرمانغا تەييار،
تۇرغاندىن ئارتۇق ياخشى ئىشمۇ بار؟

ئۇرۇش توپتوغرا بىر كۈن داۋاملىشىپ، نامازشام ۋاقتى بولغاندا، ئالەمنى قاراڭغۇ بېسىپ، ئالەم دېڭىزنىڭ يۈزىدەك، قۇدۇقنىڭ تېگىدەك بولۇپ كەتتى.

تۈنۈگۈن كەچ يەر يۈزىدىكى
لەشكەرلەر تۇزاقتا چۈشتى
دۇنيا جىمجىتلىقتا گويا
كەمبەغەلنىڭ كەپىسىدەك،
دۇرۇست، قارا بىر سايە.
تۇرىدۇ ئاسمان قەھرىدە.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دۇمباق چېلىپ، ئەسكەرلەرنى ياندۇرۇپ، ئارام ئېلىشقا قايتىشتى. مۇڭغۇل قوشۇنلىرىمۇ كەينىگە قايتتى. ئۇلار چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەندە، چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ بارتۇرلۇقىنى سىناپ كۆرۈپ، سولتان قوشۇنىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى مۆلچەرلەپ كۆردى. ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تېخى ئېلىۋېتىلمىگەن توسالغۇنىڭ قالمىغانلىقىنى، قارشىلاشقۇدەك دۈشمىنىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ يېتىپ بارلىق قوشۇننى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سولتانغا ھۇجۇم باشلىدى.

سولتانچۇ، ئۇ قاتتىق غالجىر دۈشمەن بولغاندا، ئاران چىڭگىزخاننىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى بولالايتتى. چۈنكى ئۇ گۇرخانغا قاراتقان ئەڭ ئاخىرقى زەربىنى بېرەلمىدى. ھەم ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى تەۋرەندۈرۈپ

قويدى. يەنە كېلىپ سولتان چىڭگىزخانغا ھۇجۇم باشلىغان تۇنجى كىشى. سولتان گەرچە باشقا خان، شاھلارنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. باشلانماقنىڭ ئاخىرلاشمىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكلىشى ياكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. «ۋاقىت يەتسە، سوكال قەلەمنىڭ قۇرمىقى مۇقەررەردۇر».

## 10 ـ باپ

# شەھىد ئىمام ـ خوتەنلىك ئالائىددىن مۇھەممەد

(ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي)

(Boyle.pp 71-74, 何81-85 页, Mürsel 111-114 Sayfa)

كۈچلۈك قەشقەر ۋە خوتەننى ئىستىلا قىلىپ خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنى تاشلاپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم بۇ يەردىكى ئاھالىنى ئۆزلىرىنىڭ ساپ ھەنەفى مەزھىپىگە ئاسىيلىق قىلىشقا قىستىدى. بىدئەتلىك قىلىشقا، ئۇلارغا ھىدايەت نۇرىنىڭ پارلاق جۇلاسى ئاستىدىن چىقىپ، كاپىرلارنىڭ قاراڭغۇ دالاسىدا يۈرۈشكە زورلىدى. مېھىر-شەپقەتلىك ئاللاھقا ئەقىدە قىلىشتىن، جىن ئالۋاستىغا ئەگىشىشكە ھەيدىدى. بۇ ئىشنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىچىلىشىنى خالىمىغاچقا،ئۇ تېپىپ ئاچماقچى بولدى.

شۇڭا ئۇلار قورال كۈچى ئاستىدا بۇتپەرەسلەرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشكە مەجبۇر بولدى. ناماز بىلەن ئېتىقاد توختىلىپ، ئەزان بىلەن تەكبىر ئېيتىش مەنئى قىلىندى.

ھەقىقەت كۆرۈندى، سىلەر ئۇنى بوشاتماقچى؟
بوشىتالماي،چىڭىتالارسەنمۇ بۇ ھەقىقەتنى.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئەسەبىيلىك ۋە مۇستەبىتلىك بىلەن دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى بىلەن خىرىستانلارنىڭ روھانىلىرىنى قايىل قىلماقچى بولدى.

سېنىڭ كۈتكىنىڭ مۇمكىن بولماس ئىش،
سەن يەقەت قىياغا ئۆي سالماقچى.

شەھەر ئىچىدە ئېلان چىقىرىپ «بارلىق ئالىم ۋە پازىللارنىڭ ھەممىسى شەھەر سىرتىغا چىقىشى كېرەك» دەپ پەرمان چۈشۈردى. ئۇ يەرگە جەمئى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئىمام يىغىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئۇلارغا : «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن كىم مەن بىلەن يۈرەكلىك دىن ۋە دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا مۇباھىسە قىلالايدۇ ھەمدە ماڭا يول قويمايدىغان، جازا ۋە قىيناشلىرىمدىن

قورقمايدىغانلار بارمۇ؟›› دېدى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرىكلەشكەن بېشى، مەيداندىكى كىشىلەردىن بىرەرسىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قارشى پاراڭ، رەددىيە سۆزى قىلالمايدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى. ئەگەر بىرەرسى باش كۆتەرسىمۇ، ئۇنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن قورقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ سەپسەتە ئالجىشلىرى راست بولۇپ، ئىسپاتلىنىشى ئەمەلىيەتكە يېقىن ئىدى.

لېكىن كىشىلەر توپىدىن شەيخ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئىمام خوتەنلىك ئالائىددىن مۇھەممەد (ئاللا ئۇنىڭ قەۋرىسىنى نۇرلاندۇرسۇن !) ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ كۈچلۈككە يېقىنلىشىپ ئولتۇرۇپ ساداقەت بەللىرىنى چىڭىتىپ دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھابىسە ئېلىپ باردى. بۇ شەھەد ئىمام ئاۋازىنىڭ سازلىشىغا ئەگىشىپ ھەرخىل دەلىللەرنىڭ ياردىمىدە كۈچلۈكنى يوق قىلىۋەتتى. ھەقىقەت يالغاندىن غالىپ، ئاقىل ناداندىن غالىپ ئاخىرەتلىكىگە بەخت تاپقان ئىمام رەددىيە بىلەن مەلئۇن كۈچلۈكنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. چۈنكى، ھەقىقەت ئېنىق ئېيتىلدۇ. سەپسەتە رەزىللىكتىن غالىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى، ئۇ غەيرىتى يەتمەي ئاچچىقى مىڭىسىگە چىقتى، تىلى تۇتۇلدى. كۈچلۈك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىپ، بىر تالاي ۋالاقشىدى. ھەقىقەتنى سۆزلىگۈچى ئىمام دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ بىلجىرلاشلىرىغا چىداپ ۋە قاراپ تۇرالماي ئۇنلۇك ئاۋازدا: ‹‹ئىت ئاغزىڭنى يۇم، سەن ئېتقادىنىڭ دۈشمىنى، قاغىشتەككۇر›› دەپ خىتاپ قىلدى.

بۇ قاتتىق سۆزلەر پەس كاپىر، پاسكىنا ھارامزادىنىڭ قولىقىغا كىرگەندە، ئىمام ئالائىددىننى تۇتۇشقا ئەمر قىلىپ، ئۇنى ئىسلامنى تاشلاپ مۇرتەد بولۇشقا مەجبۇرلىدى.

‹‹يوقالسۇن ! يوقالسۇن! ئۇنىڭ بىلجىرلاشلىرى››
نۇر چۈشكەن زېمىن جىن-ئاۋاستىنىڭ پانايى بولماس.

ئۇدا بىر نەچچە كۈن قاماپ، يالىڭاچلاپ، يۈتىنى كىشەنلەپ، ئاچلىق- ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىدى ھەم ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەك بەرمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ‹‹ئاللاھ مەن بىلەن بىللە. ئاللاھ ماڭا يېمەك-ئىچمەك ئىنئام قىلىدۇ. مەن ئاللاھنىڭ مىھمىنى›› دەپ بەرداشلىق بېرىدۇ. بۇ ئىمام سەمۇد قەۋمى ئىچىدە زۆلۈمغا قالغان سالىھقا ئوخشايتتى. يەنە ياقۇپنىڭ قىيىنىلىشلىرىغا ئوخشايتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : ‹‹بالا - قازانىڭ چوڭى ئاۋۋال پەيغەمبەرلەرگە، ئاندىن ئەۋلىيالارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن دانىشمەنلەرگە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلارغا كېلىدۇ›› دىگەن. ئۇ ئەييۇبتەك سەۋر قىلدى. يۇسۇپتەك تۈرمە كۆرۈشى قىلدى. چۈنكى، سادىق ۋە ئاشىق كىشى ئاچچىقىنىڭ ئارىسىدا تاتلىقنى سەزگەندە ئۇ بۇنى چەكسىز بەخت ھېسابلايدۇ ھەم بەرگىنىڭنىڭ ھەممىسى دورا ياكى ئوغا بولۇشتىن قەتئىينەزەر يەۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سۆيگىنى زەھەر بەرسە، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق تۇيۇلىدۇ. خۇددى شېئىردا ئېيتقاندەك:

سۆيگىنىم ئۆز قولى بىلەن زەھەرنى ماڭا ئىچكىلى بەرسە،
ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەن زەھەر تەملىك- ئىچىشلىكتۇر.

يورۇق بىر كۆڭۈل ئىلاھى نۇر بىلەن يورۇ- تېخىمۇ چىڭىتىدۇ.
تۇلغانسىرى، ئازاپ ۋە ئىسكەنجە ئۇنىڭ ئېتىقادىنى

مەشۇقىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ئىستىسەڭ، ئازاپ ئىزلە،
چۈنكى ئۇ قىزىل گۈل تىكىنى بىلەن بىرگە ئۆسىدۇ.
مەشۇقىڭنىڭ كوچىسىغا بېرىشنى ئىستىسەڭ، ئۆزەڭدىن ۋازگەچ.
چۈنكى بۇ يوللار خەتەر بىلەن تولغاندۇر.

ئاخىرى، ئۇلار ئازغۇچىدا تەبئىي بار بولغان بارلىق ھەرخىل ھىلىلەرنى ئىشلەتتى. ۋەدە بېرىش، قورقۇتۇش، ئالداش، ھەيۋە، جازا، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىمان، ئېتىقاد، ئىرادە، ئىشەنچ بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلار ئىمامنى ئۆزى بىنا قىلغان خوتەن مەدرىسىسىگە چارمىخلاپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، كەلىمە تەكبىر ۋە شاھادەت ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن، ئۇلارغا مۇنداق دېدى: « ئېتىقاد بۇ قىسقىغىنا ئالەمدىكى جازالاشلار بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ. ھەم دوۋزاخنىڭ ئوتلىرىمۇ توختىتالمايدۇ. يەنە كېلىپ ئەبەدىيلىك نەرسىنى بىردەملىك نەرسە بىلەن تېگىشىش پەقەت بۇ ئالەمنىڭ پوقلىرى ئۈچۈن ئۇ ئالەمنىڭ بەخىت-سائادىتىنى تاشلاش قاتتىق ئالدىنىش، قادىر ئاللاھ: «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت. تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟» دېگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئالەمنىڭ زىندانلىرىدىن ئۇ ئالەمنىڭ بېھىشىغا سەپەر قىلدى. بۇ رەزىل دۇنيادىن ئەرشىئەلاغا قاراپ ئۇچتى.

دوست دوستقا ئېرىشتى، ئاشىق مەشۇقىغا،
ئالەمدە بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئىش بارمۇ؟
ئەگەر بوينىغا ئېسىلغۇسى كەلسە،
ۋاقتى كەلگەندە ئوقىا ئۆزىنى ئاتار.

بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن قادىر ئاللاھ ئىبلىس كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلا موڭغۇل قوشۇننى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ جازاسىنى بەردى. بۈگۈن ئۇ رەزىل قىلمىشى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى. دوزاخنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇش ئۈچۈن ئاتالاندى.

ھىدايەت زەپىرىگە ئۇلاشقاندىن بېرى، كاپىرلار
ئىسلامنىڭ يوقالمايدىغانلىقىنى بىلدىلەر.

قادىر ئاللاھ: «زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ» دېگەندى.

## 11 ـ باپ

### ئالمالىغ، قايالىق ۋە پۇلات زېمىنلىرىنىڭ ئىستىلا قىلىنىشى

ھەم بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار

(Sayfa 114-116 Boyle.pp 75-77 , 何86-88 页, Mürsel)

گۇرخاننىڭ دەۋرىدە بۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى قايالىغلىق ئارىسلان خان ئىدى. گۇرخاننىڭ ئامىتى قېچىپ، زوراۋانلىقتا يۈز تۇتقاندا، قوشنا ئەلنىڭ بەگ ـ خانلىرى ئىسيان ئوتلىرىنى ياققاندا، خوتەن سولتانىمۇ لەشكەر تارتىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. گۇرخان قوشۇن تارتىپ خوتەنگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئارسلان خاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئەگەر ئارىسلانخانمۇ باشقا خانلارغا ئوخشاش ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنسا، بىراقلا يوقىتىۋەتمەكچى، ئەگەر ئۇ ئىتائەت بىلدۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى قوغداپ تۇرىۋالسا ياكى خوتەنگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا كۈچ چىقارمىسا، بۇنى باھانە قىلىپ، ئوخشاش ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولدى. ئەمما، گۇرخاننىڭ شەمۇر تايانغۇ ئىسىملىك بىر سەركەردىسى بولۇپ، ئارسلانخان بىلەن خېلى بۇرۇندىنلا ئالاقىسى بولغاچقا، گۇرخاننىڭ نىيىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدى ھەم «ئەگەر گۇرخان ساڭا زەھەرلىك قۇلىنى سۇنسا، سېنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىتلىرىڭمۇ تۈگىشىدۇ. شۇڭا سەن پەرزەنتلىرىڭنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ باق. ئەڭ ياخشى ئامال زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغىنىڭغا يەتمەيدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ بەختسىز ھاياتنىڭ ئازاپلىرىدىن ھەم زالىم خاندىن قۇتۇلىسەن. ۋاقتى كەلگەندە، سەن ئۈچۈن سۆزلەپ، ئوغلۇڭنى ئورنىڭغا ۋارىسلىق قىلدۇرىمەن.» دېدى. چۈنكى، باشقا قۇتۇلۇش يولى ياكى پاناھلىنىش يېرى بولمىغاچقا، ئۇ زەھەر ئىچىپ، ئۇ ئالەمگە كەتتى. شەمۇر ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. گۇرخان ئوغۇلغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قايتۇردى. بىر مەمۇر ئەۋەتىپ ئۇنى نازارەت قىلدى. بۇ ئىش تاكى چىڭگىزخاننىڭ شۆھرىتى ۋە ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تۆت ئەتراپقا تارالغانغا قەدەر داۋام قىلدى. گۇرخاننىڭ نازارەتچى ئەمەلدارى پۇقرالارغا بارغانسېرى زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئارسلان خاننىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى. ئارقىدىنلا، چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغا پانا ئىزلەپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشتى.

ئالمىلىقتا بىر قارلۇق بولۇپ، جەسۇرلۇقتا تەڭداشسىز ئەزىمەت ئىدى. ئىسمى ئۆزەر ئىدى. ئۇ دائىم ئات ئوغۇرلايتتى. ھەم يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك ئەسكىلىكلەرنىمۇ قىلاتتى. ئۇ يەرلىك ئۆكتەملەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەچكە، تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئۇ دائىم ھەر قايسى كەنتلەرگە كىرىپ تۇراتتى. ئەگەر مەلۇم بىر يەرنىڭ پۇقرالىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىسا، ئۇ قورال كۈچى بىلەن يەرلەرنى ئىگىلىۋالاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، ئاخىرى بۇ يېزىلارنىڭ مەركىزى ئالمالىغنى ئىگىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەم پۇتكۇل ئەتراپىنى بويسۇندۇردى. ئۇ يەنە پۇلاتنى ئىگىلىدى. كۈچلۈك نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزەر چىڭگىزخانغا بىر ئەلچى ئەۋەتىپ كۈچلۈككە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى يەتكۈزدى. ئۆزىنى «جاھانگىرنىڭ چاكىرى» دەپ ئاتىدى. ئۇ ئالاھىدە ھۆرمەت، ئىلتىپات ۋە تارتۇقلا ئېرىشتى. ھەم چىڭگىزخاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن، جۇجىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ تۇغقان بولدى. ئۇنىڭ بېقىندىلىق ئاساسىي مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئوردىغا سالامغا بېرىپ، داغدۇغىلىق كۈتىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ قايتار ۋاقتىدا چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ئوۋ ئوۋلىماسلىقنى، تۇيۇقسىز باشقا ئوۋچىلارنىڭ ئوۋىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىنى تاپىلىدى ھەم ئوۋ ماللىرىنىڭ ئورنىدا مىڭ قوي ئىنئام قىلدى. ئەمما، ئۇ ئالمالىغقا قايتقاندىن كېيىن، يەنە ئوۋغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ خىل كۆڭۈل ئېچىشتىن ئۆزىنى تارتالماي قالدى. ئەڭ ئاخىرى، بىر كۈنى قىلچە مۇداپىئەسىز ئۆزىنىڭ ئوۋ مەيدانىدا كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تىرىك تۇتىۋېلىندى. كۈچلۈك ئەسكەرلىرى ئۇنى مەھكەم باغلاپ، ئالمالىغ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئالمالىغلار قوۋۇقىنى تاقىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن ئېتىشتى. بۇ چاغدا بۇلار تۇيۇقسىز موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك ئالمالىغتىن قايتىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆزەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۆزەر گەرچە قارام، نادان باتۇر بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ساداقەتمەن، ئۇلۇغلارنى ئىززەتلەيدىغان، دەرۋىشلەرگە ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان كىشى ئىدى. بىر كۈنى سوفىيلارچە كىيىنگەن بىر كىشى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ھەم «مەن ھوقۇق ۋە شان-شەرەپىڭ ئەرشىدىن ساڭا ئەلچىلىككە كەلدىم. مېنىڭ بۇرچۇم بىزنىڭ ئاشلىقىمىز تۈگەي دەپ قالدى. شۇڭا، بىزگە قەرز بەر، قولۇڭدىن كېلىدىغان ياردىمىڭنى ئايىما» دەپتۇ. ئۆزەر ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزىدىن يامغۇردەك ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ، مۇلازىملىرىغا ئەمر قىلىپ بىر ئالتۇن بالىش ئەپچىقتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە: «مېنىڭ ھۆرمىتىمنى تەڭرىگە يەتكۈزۈڭ. مەن تەڭرىدىن ئەپۇ سورايمەن» دەپتۇ. سوفىي ئالتۇننى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئۆزەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سىقناق تېگىن قاغاننىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. ھەم پەرمانغا بىنائەن جۇجىنىڭ بىر قىزى بىلەن توي قىلدى.

ئارىسلانخانچۇ، ئۇ قايالىققا قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ بىر خاننىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى. چىڭگىزخان سولتان زېمىنىغە يۈرۈش قىلغاندا، ئارسلانخان ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ناھايىتى زور كۈچ چىقاردى. ئارسلانخاننىڭ بىر ئوغلى ھېلىمۇ ھايات. مىڭكو قاغان ئۇنىڭغا ئۆزكەنتنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. چۈنكى، ئۇلار ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇھەببىتىگە قەرزدار بولغاچقا، مىڭكو قاغان ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ.

سىقناق تېگىنمۇ چىڭگىزخاننىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، ئالمالىقنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەندى. ئۇ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى 651 – 1253 ـ يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.



# كۆۋرۈك ئاستىدىكى شام نۇرى

***قەھرىماننى خەلق يارىتىدۇ. رىسسام نۇرنىڭ.***

بىرەر ئىش - سەۋەب بىلەن كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ قالىدىغان بولسام، ئۆزەمچە بۇتتەك قېتىپ، خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاستا ئۆزەمگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتكۇدەك چوڭقۇر تىنىۋېلىپ يولۇمغا ماڭىمەن.

- سىم - سىم يېغىۋاتقان يامغۇردا ئادەملەر ئالدىراش ئۆيىگە قايتىشماقتا. ماشىنىلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشمەكتە.

- ماڭا ئەللىك خۇرۇچ بەرگەن بولسىڭىز؟ شام ئالاتتىم!

- نېمە - دېدىم دولامنى تولىمۇ يەڭگىل تۇتقان بالىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ. كۆز ئالدىمدا يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلار چامىسىدىكى قاش - كۆزلىرى قاپقارا، قارىغا مايىل چىرايى تولىمۇ كېلىشكەن، ئۆڭۈپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان كېيىم - كېچەكلىرى ئورۇق ئۇستىخىنىغا چوڭ كېلىپ قالغان، ئۆشنىسىگە كونا بىر سومكا يۇدۇۋالغان بالا بوراندەك كېلىۋاتقان كۈچلۈك يىغىسىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ، سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى.

مەن مەيدە يانچۇقۇمدىن بىر لىرا ئېلىپ بەردىم. ياش بالا سەل تارتىنىپ ئالدى - دە، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بىزدىن بەش مېتىر نېرىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ بىر تال شام كۆتۈرۈپ كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماڭا ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي ئەللىك خورۇچنى بەردى - دە، جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمدەك كۈلۈپ يۈگۈرۈپ كۆز ئالدىمدىن غايىپ بولدى.

مەن ياش تۇرۇپلا ھە؟ دەپ ئۆزەمگە تۇۋا دەپ قويۇپ، ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان چىراقلارغا بىر قۇر ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ دەرھال ئۆيگە ماڭدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ياشنىڭ دۇكان خوجايىنى بەرگەن شامنى خۇددى جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك ئاسار ئەتىقە بۇيۇمنى قولىغا ئالغاندەك ئاستا قولىغا ئېلىپ، سەل ئىگىلىپ رەھمەت ئېيتىپ، ماڭا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

- ئۇ سۇرىيەلىك ياش بەزى چاغلاردا بىر لىرا ئېلىپ كىرىپ ئەللىك خورۇچقا بىر تال شام ئالىدۇ، بەزى چاغلاردا مانا مۇشۇنداق يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئالدىمغا كېلىدۇ، مەن بىر تال شام بېرىمەن - دېدى دۇكان خوجايىنى مېنىڭ ئۆزىگە گۇمان نەزىرىدە قارىغانلىقىمغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

نېمە ئۈچۈندۇر ئەتىسىدىن تارتىپ ئۈچ كۈن ھېلىقى سۇرىيەلىك ياشنى ساقلىدىم. قەلبىمدە ئۇ ياشنى دوستۇم ھېسابلايدىغان بولغان ئىدىم.

ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ سۇرىيەلىك ياش پەيدا بولدى. مەن ئەڭ يېقىن مەسلەكدىشىمنى تاپقاندەك دەرھال ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، بىر لىرا پۇل بەردىم. ئۇ ياش ئۆزىدە ئەللىك خورۇچ پۇل بارلىقىنى ئېيتىپ رەھمەت دەپ خۇش تەبەسسۇملۇق كۈلۈپ قويۇپ دۇكانغا كىرىپ ھايال ئۆتمەيلا چىقىپ دېڭىز بويى تەرەپكە قاراپ بەيگىگە چۈشكەن ئۈچقۇر تۇلپاردەك يۈگۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇ ياشنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم.

- تۇۋا بۇ نېمە ئىش، سۇرىيە خەلقىدە... ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، - دېدىم. كۆزۈم ئاستىدا ئىستانبۇلنىڭ ئانىسى بولغان دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئىككى مېتىر ئالدىغا شام يېقىۋېلىپ خۇددى ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغاندەك سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ بىر نېمە تىلەۋاتقان ئون بەش ياشقا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى كۆكتىكى يۇلتۇزدەك چاقناۋاتقان ئون بەش شامغا قاراپ:

- مەن ئاسماندىكى مەرۋايىتتەك چاقناپ ئادەمگە كۆز قىسىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا، تەبىئەتكە ئۆزىنىڭ سۈتتەك نۇرىنى چېچىۋاتقان ئون بەش كۈنلۈك تولۇنئايغا، شۇ تۇرقىدا كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى ئالتۇندەك چاقناۋاتقان تۈركىيەنىڭ ئۈزۈك شەھىرى ئىستانبۇلنىڭ زۇمرەتتەك دېڭىزىغا، دېڭىز بويلىرىغا قويۇلغان زىننەتلىك دەل - دەرەخلىرىگە، ھەر خىل چىنىقىش سايمانلىرىغا قاراپ بىرەر سائەتتەك تۇردۇم.

شۇ تۇرقىدا كوممۇنىست خىتاي ئالۋاستىلىرى دەستىدىن دوزاخ ئازابى تارتىۋاتقان ئۇلۇغ ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاندىمۇ پەقەتلا بۇنداق ئادەمگە جەننەت ھۇزۇرى بېرىدىغان ئەركىنلىك، خاتىرجەملىك، بەختەرلىك تۇيغۇسىغا چۈمۈلۈپ باققان ئەمەس ئىدىم. مەن ئۇ سۇرىيەلىك ئون بەش ياش بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىشقا بىرنەچچە قېتىم تەمشەلگەن بولسامۇ، لېكىن

بىرپىلا ئۆلارنى ئەنسىرىتىپ قويماي دېدىم - دە، كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان يول چىراقلىرىغا قاراپ كىچىك بالىدەك تاقلاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

مەن ئەتىسى نورمال ۋاقىتىمدا دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە ماڭسام، سۈرىيەلىك ياش ئالدىمدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك تولىمۇ تارتىنىپ تۇراتتى. مەن نەچچە يىل كۆرۈشمىگەن قېرىندىشىم بىلەن كۆرۈشكەندەك ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ بىر لىرا پۇل بىلەن قولۇمدىكى نان باسقان كاۋابنى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى يېمەكلىرىمىز دەپ ئۈنىمىغىنىغا ئۈنىماي تۇتقۇزۇپ قويدۇم.

سۈرىيەلىك ياشمۇ قاتتىق خۇشال بولۇپ دۇكانغا كىرىپ كەتتى. مەن دەرھال ئالدىمدىكى بىنانىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىغا ئۆتۈۋالدىم. سۈرىيەلىك ياش دۇكانغا قانداق تېز كىرگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېز قايتىپ چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەن يەردە ئۇياق - بۇياققا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بىر نەرسىنى يەرگە ئاۋايلاپ قويۇپ شامالدەك يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن ئىشىك كەينىدىن چىقىپ سۈرىيەلىك ياش قويۇپ قويغان نەرسىنى ئىزدەپ ئۆزەممۇ قاتتىق ھەيران قالدىم.

مەن ھەرخىل پېچىنە - پىرەنىك، مېۋە - چىۋە، سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ دەرھال دېڭىز بويىدىكى كۆۋرۈك ئاستىغا باردىم.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام كېلىڭ ئاكا. بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ - دېدى ھېلىقى ياش مېنى كۆرۈش بىلەن تەڭ تاماقتىن بىكار بولغان يالتىراقلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان يەردىن ئىتتىك ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنىڭ قىلغان سالامىمغا گۇمان بىلەن قاراپ تۇرۇۋاتقان باشقا ئاداشلىرىغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

باشقا سۈرىيەلىك ياشلار مەن بىلەن بىر - بىرلەپ تۈركچە كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن قولۇمدىكى نەرسىلەرنى تارتىنىپ ئېلىپ مېنى ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

- رەھمەت سىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ تىلىدا قالغۇدەك لەززەتلىك، تەملىك ئىكەن. ھەممەيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە ماختاپ تالىشىپ يېيىشتۇق.

مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆزەمنىڭمۇ كوممۇنىست خىتاي ئالۋاستىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننى دەھشەتلىك قۇل قىلىۋاتقانلىقى مېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھۇ - زارىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن چىققانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم.

- سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار قۇل بولغاچقا، ئەھۋالىڭلار بىزنىڭ كۈنىمىزدەك خاراپ ئىكەندە؟

- كوممۇنىست خىتاي ئالۋاستىلىرىنى ۋەتىنىڭلاردىن قوغلاپ چىقارساڭلار بولمامدۇ؟

- سۆيۈملۈك ناتىۋان خەلقنى قۇل قىلىۋاتقانلار ھەممىسى ئوخشاش بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى.

- سۈرىيەلىك ياشلار قۇللۇق بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ قېنىنى ئېچىۋاتقانلارنى تازا تىللاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تونۇشلۇق بېرىپ ئۆزىنىڭ تۈركىيىگە كەلگەن ۋاقتىنى، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

- مېنىڭ ئىسمىم ئىبراھىم. مەن تۈركىيەنىڭ ئىللىق قويىنىدا تۇرۇۋاتقىنىمغا ساقمۇ - ساق ئالتە يىل بولدى. مەن بۇ ئالتە يىل جەريانىدا بىر تۈرك ئاكامنىڭ ماشىنا رېمونتلايدىغان

رېمونتخانىسىدا ئىشلىدىم. ھازىر كۈنلىكىمگە يۈز لىرا پۇل بېرىدۇ.

- مەن بىر نەرسىنى تازا چۈشەنمىدىم؟ مەن مېنىڭ ئېغىزىمغا قاراپ تۇرغان ياشلارغا بىر قۇر قارىتۋالغاندىن كېيىن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

- نېمە ئۈچۈن ھەممىڭلار شام ياندۇرۇپ تىلەك تىلەيسىلەر. يەنە كېلىپ پۇل تۇرۇپ شامغا پۇلنى....

- مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم.

- جالالات، قانخور، مەلئۇن بەششار ئەسەد خەلقنى شۇ قەدەر دەپسەندە قىلغىنى ئاز كەلگەندەك، ئۆزىدەك مۇستەبىت ئالۋاستىلارنى ئۆز ئايىغى بىلەن باشلاپ كېلىپ سۈرىيەنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ يەردە شام ياندۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلۇغ ئاللاھتىن سۈرىيەدىكى ئۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىپ، بەششار ئەسەدنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ شام ياندۇرىمىز. ئىبراھىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- بىزنىڭ پۇل تىلەپ شام ئېلىشىمىز سۈرىيە خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايى - ئاپەتكە پۈتۈن دۇنيانىڭ قاتتىق دىققەت قىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز.

- ئۇنداقتا سىلەرگە بەرگەن پۇلدىن ئېشىپ قالغىنىنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىسىلەر؟

- بۈگۈن ياققان شامىمىز بىلەن ئەتە شام ياندۇرغىچە بولغان ۋاقىتتا چوقۇم ئۇلۇغ ئاللاھ بەششار ئەسەد دېگەن ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. شۇڭا بىز دەرھال خانۇ - ۋەيران بولغان سۈرىيىگە قايتىپ كېتىمىز.

- سىلەر شۇ قەدەر ئۈمىدۋارمۇ؟

- ئەلۋەتتە.

- سىلەر ئۇنداقتا تاپقان پۇلۇڭلارنى قانداق قىلىسىلەر؟

- سىزگە دېسەم ئاكا، ئىبراھىم كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى چۈشۈپ خۇددى ئالتۇن چېچىلغاندەك چاقناۋاتقان ئىستانبۇل دېڭىزىغا بىردەم قاراپ تۇرۇۋېلىپ سۆزنى داۋاملاشتۇردى.

- سۈرىيە غايىپتىن كەلگەن ئوق، بومبا دەستىدىن خانىۋەيران بولۇۋاتقان، بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىۋاتقان باللار، ئاتا - ئانىلار، بوۋاي - موماي لار، بىزدەك ياشلار قۇمدەك بولۇپ، ئاچ - زار قېلىۋاتقانلارمۇ لەكمىڭ، بىز شۇلارغا ئاشلىق، كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ بېرىمىز.

- سىلەرنىڭ بۇ كۆۋرۈك ئاستىدا تۇرۇشىڭلارغا تۈركىيە ھۆكۈمىتى قارشى تۇردىغۇ دەيمەن. چۈنكى مىليون قېرىنداشىڭلارنى ھۆكۈمەت ئىللىق باغرىغا ئېلىپ ياخشى قاراۋاتقاندىن كېيىن.

- تۈركىيە ھۆكۈمىتى، تۈرك خەلقى بىزدەك ئۇرۇش ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان مۇساپىر ئۈممەتلىرىگە ئاش - نان، سۇ، تۈپراق، ئىسسىق ماكان، خاتىرجەم شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەمما سۈرىيە خەلقىنى قوغدايمىز، مەنپەئىتىنى قوغدايمىز دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ئالۋاستى بەششار ئەسەدنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاۋاتقان مۇستەبىتلەر بىزدەك خەلقنى كۈندىن - كۈنگە قۇمدەك سورۇپ، قانلىرىمىزنى دەريا - دەريا ئاققۇزۇۋاتىدۇ.

- ئىبراھىم كۆزىدىكى مۆنچاقتەك ئىككى

تامچە يېشىنى ئالقىنىغا ئېيتىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- بىزنى ساقچىلار نەچچە قېتىم ھەممە نەرسە تەييار مۇساپىرلار لاگېرىغا ئاپارغان بولسىمۇ بىز ئۇ يەردىكى خادىملارنىڭ كۆزىنى بوياپ قېچىپ چىقتۇق.

- ئاتا - ئاناڭلارنى، قېرىنداشلىرىڭلارنى سېغىنـ دىڭلارمۇ؟ ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرامسىلەر؟

- سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، ئاتا - ئانام، قېرىنداشلىرىم .

- ئىبراھىم ئەلەملىك نالە قىلىپ كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپ يىغلىغان پېتى دەريا تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىسمائىلمۇ كەتتى. ھەممەيلەن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتۇق.

- تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بېشىمىزنى، ئاتا - ئانىمىزدەك سىلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يۇرت سۆيگۈسى، ئاتا - ئانا، قېرىنداش، دوست - بۇرادەرلەرنى ئوتتەك سېغىنىشىمىز بىزنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك كۆيدۈرىدۇ، - دېدى. مۇھەممەد لىۋىنى ئۈزۈۋالغۇدەك چىشلەپ تۇرۇپ.

- ھەي، مەن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەتكۈدەك چوڭقۇر تىنىۋېلىپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

- شۇ تۇرقىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستان چاقىرغان بولسا ئىدى، بېشىم بىلەن بولسىمۇ يۈگۈرۈپ بارغان بولار ئىدىم.

مەن ئۇلار بىلەن بىرەر سائەت ھامان خەلقىمىز بېشىدىكى زۇلمەتنىڭ پات ئارىدا كۆيۈپ كۈلى- نىڭ كۆككە سورۇلىدىغانلىقى، بىزنىڭمۇ تۈركىيە خەلقىدەك بەختىيار، ھۆر كۈنلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىمىز ھەققىدە بىر سائەت پاراڭلىشىپ ئاندىن ئۆيگە قايتتىم.

- نېمانچە كەچ قالىسىز، مەن بەك ئەنسىرەپ نەچچە قېتىم سىرتقا چىقتىم، - دېدى ئايالىم ماڭا رەنجىش نەزىرىدە قاراپ.

- بۇ يەردە كوممۇنىست خىتاي ئالۋاستىلار بولمىسا، نېمە ئۈچۈن قورقۇپ، ئەنسىرەپ كېتىسەن؟ تۈركىيەنىڭ ھاۋاسى، تەنىنىڭ داۋاسى ئىكەن - دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن دېڭىز بويىدىكى كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۈرىيەلىك ياشلار بىلەن كۆرۈشكەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم.

- كوممۇنىست خىتاي ئالۋاستىلار دەستىدىن بىزمۇ، شۇ بەششار ئەسەد دەستىدىن سۈرىيە خەلقىنىڭمۇ كۆرمىگىنى قالمايۋاتىدۇ، - دېدى ئايالىم مۇنچاقتەك چىرايلىق كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى سۈرتۈپ، خۇددى ئالۋاستىنى چايناپ پۇركۇۋەتكۈدەك ئۈنچە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

مەن ئۈچ كۈن ئاشخانىدا بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە دېڭىز بويىدىكى كۆۋرۈك ئاستىغا پەقەتلا بېرىشقا ۋاقىت چىقمىغان ئىدى. شۇڭا بۈگۈن يۈرەكلەرنى سىماپتەك ئىرىتىپ تاشلايدىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەر كۈنكىدەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە چىقىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئايالىم بىلەن ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئاشخانىغا ماڭدىم. ئاشخانىدىكى ئىشلارنى بىر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىز بويىغا باردىم.

- قىپقىزىل يالغانچىلىق، ئۈچىغا چىققان تەلۋىلىك، سۈرىيە خەلقىنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغان

چار يىلان بەششار ئەسەد ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك تېررورلۇقلىرىنى، قەتلىئامىلىرىنى يوشۇرۇش ھەم باشقىلارغا دۆڭگەش ئۈچۈن ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنى قۇربانلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ - دېدى. مۇھەممەد بەرگەن گېزىتتە ئۆزىنىڭ قېنىغا مىلىنىپ ياتقان ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنىڭ جەسىتىگە قاراپ چىشلىرىمنى ئەسەبىيلەرچە غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

- بەششار ئەسەد شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئادىمى ئالۋاستى ئىكەنكى، لازىم بولسا ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ سايىسىنىمۇ ئېتىپ تاشلايدۇ، - دېدى مۇھەممەد ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل دېگەن تېررورچى ئېتىپ تاشلاندى ماۋزۇ ئاستىدىكى ماقالىنى قان - ياش ئىچىدە يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، لىۋىنى ئۆزۈۋالغۇدەك چىشلەپ تۇرۇپ.

- ئۇلۇغ خۇدا ئاشۇنداق ئىپلاسنىڭمۇ جېنىنى ئالمايدىكەن.

- بىزدەك ياشلار تۈركىيە ياشلىرىدەك ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، دۆلەتنىڭ تۈگمەس بايلىقىغا ئايلانغان بولساق.

- دۇنيا كۈندىن - كۈنگە ئەركىنلىككە، دېموكراتىيىگە، كىشىلىك ھوقۇق، ئىنسانى ھوقۇق... نۇرغا چۈمۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھوقۇقنى خەلققە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، شۇ قەدەر قېرىنداشلىرىمىز بىئەجەل ھاياتىدىن ئايرىلمايتتى. سۈرىيە دوزاخقا ئايلانمايتتى.

- سۈرىيە ھازىر مۇستەبىتلەرنىڭ سۈرىيە خەلقىنىڭ جېنىنى ئالىدىغان قۇشخانىغا ئايلاندى.

- سۈرىيەلىك ياشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆزلىمەكتە ئىدى.

- ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ھەقىقەتەن بىباھا قىممەتلىك ياشلار ئىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن سۈرىيەگە قايتىپ كەتكەن ئىدى، - دېدىم زۇمرەتتەك كۆكتە ئالتۇن نۇرلىرىنى زېمىنغا سىخىلىق بىلەن چېچىۋاتقان قۇياشقا تىكىلىپ قاراۋاتقان مۇھەممەدكە قارىدىم.

- سىزنىڭ جەننەتتەك سۆيۈملۈك ۋەتىنىڭىز بىلەن سۈرىيەدە ئاشۇ قۇياشنى ھازىرقىدەك ئەينەن كۆرگىلى بولارمۇ؟ - مۇھەممەد خۇددى ئىلىنىشىپ قالغاندەك ئەسەبىيلەرچە كۈلدى.

- سىز كەلگەن تۈنجى كۈنى ئاتا - ئانىنىڭ سۆزى چىققاندا، ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل ئىتتىن قاچقان توشقاندەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ دېڭىز تەرەپكە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىدىغانسىز؟ - مۇھەممەد كۆزىدىكى لۆمۈلدەپ كەلگەن يېشىنى ئالقىنىغا سۈرتۈپ بىردەم لىۋىنى ئۆزۈۋالغۇدەك چىشلەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ئەسەد ھەربىي، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ھەممە ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئاپپاراتلىرىغا ئۆزىنىڭ قېرىنداش، تۇغقانلىرىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى قويۇپ خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرغىلى تۇردى. ئەسەد ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تۈرلۈك زۇلۇملىرى دەستىدىن خەلقنىڭ رەڭگى سامانىدەك سارغىيىپ، بەللىرى يادەك ئېگىلىپ، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنى ئاز كەلگەندەك، خوتۇن - قىزلىرى بازارلارغا، سىرتلارغا چىقىپ قالسا ھەتتاكى كىمنىڭ خوتۇن -

قىزلىرى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئىنقىلاپ ئۇلارنى ھەرخىل باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ بۇلاپ كېتىپ ئاچ قالغان بۆرىلەردەك ئاياغ - ئاستى قىلىپ زېرىكىپ كەتكەندە ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ تاشلاپ قوياتتى ياكى نەچچىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىپ قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار، قىزلار سىرتلارغا چىققاندا گەرچە چۈمبەل ئارتىسىمۇ، يەنىلا يۈز - كۆزلىرىگە كۆمۈرنىڭ ۋە كۈلنىڭ قارىلىرىنى سۈركەپ چىقاتتى.

ئۆيلەردىمۇ يۈز - كۆزلىرىنى سەت رەڭلەردە بوياۋاتاتتى. سۈرىيەدە سەت، كۆرۈمسىز قىزلارنى خوتۇنلۇققا تالىشىپ ئالىدىغان ئەھۋال ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرى قوشۇلمىسا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ تۈرمىلەردە ئېغىر كۈن كۆرەتتى. نۇرغۇن پۇل تۆلەپ، پارا بېرىپ ئاندىن ئۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقاتتى.

ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنىڭ دادىسى مۇسا ئىگەم ئەسەدنىڭ شېكەر يالىتىلغان تاتلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ ئەسەدنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ تەختكە چىقارغان ئىدى. مۇسا ئىگەم ئەسەدنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر توپ قانخورلارنىڭ خەلقنىڭ قېنىنى كەتمەننىڭ سېپىدەك ئىشپىرىستا ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئەركىنلىك نۇرغا چۆمۈلگەن تۈركىيە بىلەن گىلەم، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، ماي سودىسى قىلغان.

تۈركىيە بىلەن سودا قىلىش جەريانىدا تۈركىيىگە ھۆرمىتى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولۇپ كەتكەن نامراتلارنىڭ باللىرىنى ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئوغرىلىقچە چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ ئوقۇتقان. كۆك پىتتەك چاپلىشىۋالغان كۆك نامراتلىق دەستىدىن ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان خەلققە كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ بېرەتتى. ھاجەتمەنلەرنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىنى قۇرۇق قايتۇرمىدى. يېتىم - يېسىرلارغا ئاتا بولدى. سۈرىيە خەلقىنى خالىغانچە شىلىپ يەۋاتقان قانخور، مۇستەبىت پادىشاھ ئەسەد مۇسا ئىگەمگە باشتا ئېھتىياد قىلىپ قول سېلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى بىلەن تەڭ خۇددى كۈچلۈك ئارقا تۈۋرۈكىدىن ئايرىلىپ ئۆزىگە ئوت كەتكەندەك تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ سۈرىيە خەلقىگە تېررورلۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. مۇسا ئىگەمنىڭ خەلق ھەممىگە خوجايىن ئەركىن تۈركىيە بىلەن بولغان دوستانە سودىسىدىن قاتتىق قورققان ئەسەد مۇسا ئىگەم باشلىق ئىلغار پىكىرلىك، يىراقنى كۆرەرلىك، سۈرىيە خەلقىنىڭ تۈگىمەس بايلىقى باھادىرلارنى ھەرخىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ تۈرمىگە سولاپ يوقاتتى.

- مۇھەممەد «ئاھ ئۇلۇغ خۇدا» دەپ ئۆپكىسى يېرىلىپ كەتكۈدەك چوڭقۇر تىنىۋېلىپ، كۆزىدىكى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى سۈرتتى.

- مۇسا ئىگەمنىڭ تېررورلۇق ۋاستىسى بىلەن ۋەھشى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلۈشىگە سۈرىيە خەلقى سۈكۈت قىلدىمۇ؟ - دېدىم يامغۇردەك ياشلىرىنى ئېرتىۋاتقان سۈرىيەلىك ياشلارغا قاراپ

ئۆزەممۇ كۆزۈمدە لىغىلداپ تۇرغان ياشلىرىمنى ئاستا سۈرتۈپ.

- خەلق ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئۆزى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان باھادىر ئەزىمەتنى قانداقسىگە تاشلىۋەتسۇن - مۇھەممەد ئازابلىق كۈلۈپ زومرەتتەك كۆكتە ئەركىن ئۈزۈۋاتقان قۇياشقا لاپپىدە بىر قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

- ئۆكۈزدەك ساقمۇ - ساق ئادەمنىڭ تومۇرىغا كىرىپلا بىر كېچىدىلا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىشى سۈرىيىدە قاتتىق ئىنكاس قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق دەمەشەققە يىغىلىپ «مۇسا ئىگەمنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى ھۆكۈمەت تولۇق ئاشكارىلاپ بەرسۇن»، «ھۆكۈمەت مۇسا ئىگەمنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، بىز تۈركىيىگە ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتىمىز» دەپ شوئار توۋلىدى.

زالىم، مۇستەبىت ھۆكۈمەت خەلققە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا خۇددى ئاجىز ئۆلجىغا ئۈچراپ قالغان يىرتقۇچتەك تاشلىنىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى. تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ئاي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلىدى.

«بالا كەلسە قوش كەپتۇ، پۈت - قولىنى ئارتىپ كەپتۇ» دېگەندەك، مۇسا ئىگەم تۈرمىدە دەھشەتلىك سوراق دەستىدىن «ئاھ ئۇلۇغ ئاللاھ جەننەتتەك سۆيۈملۈك ياراتقان مۇقەددەس سۈرىيە، بۇ ئالۋاستىلار دەستىدىن بۇنىڭدىن يەنە نېمە قىسمەتلەرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپ ئەۋلادلىرىمىز قانداق بالايىئاپەتلەرگە ئەسىر بولار، مەن بۇ ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان مۇناپىققا مېھىرلىك قول بەرگۈچە، مۇشت بەرمەمدىغان، ئاھ سۆيۈملۈك سۈرىيە، مېنى ئىللىق قوينۇڭغا ئال، كۆزۈم پەقەتلا كۆرمىسۇن بۇ ئىپلاسلىقلارنى».

«كىم سېنى خوراز قىلدى، بىچارە مىكىياننى چوقۇ دەپ» - مۇھەممەد شۇ سۆزلەرنى جاھان تەۋرەپ كەتكۈدەك بۇقىرەپ يىغلاپ يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ، لىۋىنى ئۈزۈۋالغۇدەك چىشلەپ كەتتى. باشقا سۈرىيەلىك ياشلارمۇ خۇددى ھازىدارلاردەك ھۆڭرەپ يىغلاپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ كۆۋرۈك بىتونلىرىغا مۇشتلاپ، ئۇسۇپ يىغلاپ نالە قىلدى.

مەنمۇ ئۆزەمنى كاچاتلاپ، لەۋلىرىمنى ئەسەبىيلەرچە چىشلەپ، قان - ياش يىغلىدىم.

كوممۇنىست خىتاي ئالۋاستىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن بۇيان بىز ئۇيغۇرلار نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق - ھە؟ خالىسا ئاتتى، تۇتتى، ھەرقايسى جەھەتتىن دەپسەندە قىلدى. مال - دۇنيالىرىمىزنى تالان - تاراج قىلىپ، ئورۇنلىرىمىزغا جەسەت سۆڭەكلىرىمىزنى كۆمۈپ تاشلىدى. مانا بىزدەك كېلەچەكنىڭ خوجايىنلىرى، ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى سەرگەردانلىقتا نېمە ئازاب- ئوقۇبەت تارتمايۋاتىمىز. بىزنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇپ مىسلىسىز بەدەللەرنى تۆلەپ كۆز قارچۇقىدەك ئاسراپ چوڭ قىلغان پەرىشتە ئاتا - ئانىمىزغىمۇ تېلېفوندا بولسىمۇ سالام ئېيتالمىدۇققۇ؟ ئۇيغۇرلار سۈرىيە خەلقىدىن نەچچە ھەسسە پاجىئەلىك كۈندە، بىزمۇ ئادەم خۇدا بەرگەن ئىنسانى ھوقۇقىمىزنى، ئەركىنلىكىمىزنى قوغداپ ياشاش

ھوقۇقىمىزنى قوغداشنىڭ نەرى خاتا؟

- مۇسا ئىگەم تۈرمىدە قان قۇسۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، بىر ئايدىن كېيىن شەرىئەت يولىدىن چىققان، تىجارەتنى ۋاستە قىلىپ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى دۈشمەن دۆلەتلەرگە ساتقان دەپ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىر قىلدى. ئۇ چاغدا ئىبراھىم ئۈچ ياشتا، ئىسمائىل قۇچاقتا، ئائىشە بىلەن رابىيە بەش ياشتا، يەتتە ياشتا ئىدى.

ئىككى سۈرىيەلىك بوۋاي بۇ ئەلەملەرگە پەقەتلا چىدىماي، دەمەشىق مەيدانىدا باش - كۆزلىرىنى يېرىپ، «توي قانغا ھۇ جاللات، ئالۋاستىلار» دەپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى.

زەينەپ ئانىمىز چۆچۈرىدەك تۆت بالىسىنى ئېلىپ سەھرادىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. مۇسا ئىگەمنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى تۈرمۈش خىراجەتلىرىنى مەخپى يوللار بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

ئىبراھىم چوڭ دادىسىنىڭ قوشنىسى ناسىر مۇئەللىمدىن ماتېماتىكا، تارىخ، پەلسەپە، تۈرك تىلى، دىنىي دەرسىنى تاكى 2004 - يىلىغىچە قوبۇل قىلدى. بۇ جەرياندا ناسىر مۇئەللىمنىڭ بۇمەريەم دېگەن قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ بىر - بىرىگە قۇرئان تۇتۇپ ئىككى دۇنيادا بىللە ئۆتۈش ھەققىدە قەسەم ئىچىشتى.

2004 - يىلى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنىڭ ئائىشە بىلەن رابىيەگە توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا بەششار ئەسەدنىڭ نەۋرە ئۇكىلىرى ئۆيدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپ باسقۇنچىلىق قىلدى. بۇ خورلۇقلارغا چىدىماي ئۇلار ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. بىچارە زەينەپ ئانا بىرنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇملارغا پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمەي خەلققە قاتتىق ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقان ھەربىي ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئىبراھىم ئېچىلىش ئالدىدىكى قىزىلگۈلدەك ئىككى ئاچىسىنى نابۇد قىلغان ئۇ مەلئۇنلارنىڭ دەمەشىقتىكى پادىشاھنىڭ ئۆيىدەك ياسالغان ھەشەمەتلىك ئۆيىگە ئەل ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندە ئوت قويۇۋەتتى. لېكىن ئۇ ئىپلاس سەھرادىكى ئۆيىگە سەككىز خوتۇننى 13 بالىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆينىڭ كۈلى كۆككە سورۇلغان بىلەن ئۆزى ئامان قالدى. ئىبراھىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئاپتاپتىن سايىگە قويماي ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنى تۈركىيە قاچۇرۇۋەتتى.

2011 - يىلى ئەرەب باھارىدىن ئىلھام ئالغان سۈرىيە خەلقى زالىم، مۇستەبىت بەششار ئەسەد پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن سۈرىيەنىڭ ھەممە يەرلىرىدە قوزغىلاڭ باشلاندى.

يۈرىكى قان - قىساسقا تولۇپ كەتكەن ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل خۇددى زۇلمەت قاراڭغۇدا قالغان ئادەم توساتتىن كۆز ئالدىدا چىراغ نۇرى كۆرۈپ قالغاندەك قاتتىق خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ، خەلقنى ئېشەك قىلىپ مىنىۋالغان بەششار ئەسەد پادىشاھلىقىدىن قانلىق جاۋاب ئېلىپ، سۈرىيەنى تۈركىيەدەك خەلق ھەممىنى باشقۇرىدىغان ئەركىن، دېموكراتىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز دەپ ئالەمچە شادلىققا چۆمۈلۈپ، دەرھال سۈرىيىگە قايتىپ ئەركىنلىك تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ جانپىدالىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تەشكىلاتتىكى ھوقۇق تالىشىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنپەئەت تالىشىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى چۇۋالچاقلىق دېگەندەك ناچار مەسىلىلەر تۈپەيلى، بۇ تەشكىلات مەقسەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل بىزنىڭ سۈرىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ بۇ تەشكىلاتقىمۇ ھەممە كۈچىنى تولۇق سەرپ قىلىپ، بەششار ئەسەد ھەربىيلىرىگە تۆيۇقسىز زەربە بېرىپ ئالتۇندەك نەتىجە ياراتتى. ئىككى ئاچىسىنىڭ شەرمەندىلەرچە ھايات شېمىنى پۇلۇۋەتكەن ئىپلاسلارنى باشقا دوسلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. لېكىن بۇ تەشكىلاتمۇ بارا - بارا ئەركىنلىك تەشكىلاتىدەك پاتقاققا پاتقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاغىسىنىڭ يول كۆرستىشى، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئاخىرى تۈركىيىگە سۈرىيەنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كەتكەن.

- مۇھەممەد چايان چاقاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئادەمگە ھەرەمباغ كەبى راھەت بېغىشلايدىغان كۆك ياقۇتتەك پارقىراۋاتقان ئىستانبۇل دېڭىزىغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

- بىزنىڭ بارلىقىمىز سۆيۈملۈك سۈرىيە ئاشۇ تەرەپتە، ئەمما ھازىر بىزدەك ياشلارنى، كىچىك بالىلارنى ئادەم سويىدىغان قۇشخانىغا ئايلىنىپ قالدى. بەششار ئەسەد خەلقىمىزنىڭ قان - تەرىنى يېغىپ سېتىۋالغان قوراللىرىدا تاجاۋۇزلارنى توسماي، بەلكى خەلققە ئىشلىتىپ ئۆزىدەك مۇستەبىت تاجاۋۇزچىلارنى ئۆز ئايىغى بىلەن باشلاپ كىردى. ۋەيران بولۇپ كەتتىڭ ئاھ سۆيۈملۈك ۋەتىنىم سۈرىيە - مۇھەممەد ئۇلۇغ ئاللاھتىن بىر نەرسە تىلەۋاتقاندەك غۇلىچىنى كۆككە قارىتىپ كەڭ ئېچىپ، بوراندەك يىغلاپ كەتتى. باشقا سۈرىيەلىك ياشلارمۇ قان ياش يىغلىدى. مەن قوللۇق دەستىدىن يۈرەك باغرى كاۋاپ بولۇۋاتقان مۇقەددەس ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننى ئەسلەپ قان يىغلىدىم.

- ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى مۇسا ئىگەممۇ؟ يا... - دېدىم ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق كۆكتە ئەركىن ئۈزۈۋاتقان قۇياشقا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان مۇھەممەتكە بوش ئاۋازدا.

- خەلق ئىگەم دېگەن ئاتنى قويغان، مۇسا ئىگەم باشتىكى ئايالدىن ئون بەش يىلغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن، باشقىلار كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى تەۋسىيە قىلغاندا رەت قىلغان ھەمدە بۇرۇنقى ئايالىغا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ رازىلىق ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاجرىشىپ، زەينەپ ئانىمىز بىلەن توي قىلغان. مۇسا ئىگەم قىرىق ئالتە يېشىدا تۇرمىدە سۈرىيە خەلقى ئۈچۈن قان قۇسۇپ ئۆلگەن.

- مۇھەممەد سۆزىنى تۈگىتىپ ماڭا قاراپ ئازابلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مەيدە يانچۇقىدىن بىر پارچە كونۋېرت ئېلىپ ماڭا بەردى.

- ئىبراھىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتى.

- نېمە - مەن يىلان چاققان ئادەمدەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم - دە، كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئاچتىم.

بىر پارچە رەسىم بىلەن خەت چىقتى.

تىل بىلەن قەلەم تەسۋىرلەشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىدىغان، گۈزەللىكتە، گۈزەللىك ئىلاھى ۋىناسىنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان تەڭداشسىز گۈزەل، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئون يەتتە ياشلار چامىسىدىكى قىز بالىنىڭ رەسىمىگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم. مۇھەممەد خەتنى قولۇمدىن ئېلىپ تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بەردى.

- قەدىردان ئىبراھىم ئاكا، مەن بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرۈلۈپ قالغان بولغىيتتىم؟ ئەجىبا تۆرەلمىگەن بولسامچۇ كاشكى؟ ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان قەلبىمگە يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلارنى كەشتىلىگەن ئوغۇز سۈتىدەك پاك بىر غۇنچە بولۇپ، مەنمۇ بىر قولۇمدا بۆشۈك تەۋرەتسەم، يەنە بىر قولۇمدا مىللەتنى تەۋرىتىدىغان سۆيۈملۈك ئانا بولىدىغان قىزىلگۈل ئىدىمغۇ؟ ئۇلۇغ ئاللاھ مېنى باشقىلار دەپسەندە قىلسۇن دەپ ياراتقان بولغىيمىدى؟ قېنى ئۇ ئىپلاس، مۇستەبىت، زالىم پادىشاھ بەششار ئەسەدنىڭ بىزنى قوغدايمەن دېگىنى ئەمەلىيەتتە گېنراللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان قورچىقى بولسەن دېگىنىمۇ؟ ئاللاھ بەرگەن ئامانەتنى، ئاللاھتىن بۇرۇن ئالىمەن دېگىنىمۇ؟ مەن بۇلغانغان بەدىنىمنى كۆتۈرۈپ سۆرەپ ياشىغۇچە سۆيۈملۈك ۋەتىنىم سۇرىيەنىڭ ئىللىق باغرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بىزگە خاتىرجەملىك بېرىدىغان ئاشۇ دۇنيادا خاتىرجەم ئارام ئالاي.

مېنى كەچۈرۈڭ، مەن قۇرئان تۇتۇپ ئىچكەن قەسەملىرىمىزنى قوغداشقا ھەقىقەتەن ئاجىز كەلدىم. ئاللاھقا بۇ قان قىساسىمنى ئامانەت قويۇپ كەتتىم. مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن.

- مۇھەممەد خەت بىلەن رەسىمنى كونۋېرتقا سېلىپ مەيدە يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. گەرچە كۈندۈز بولسىمۇ ھەممەيلەن بىرلىكتە شام ياندۇردۇق.

- ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى، قۇللۇق، مۇستەبىتلىك قاچانمۇ ئىنسانىيەت بېشىدىن، شۇنداقلا بىزنىڭ بېشىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، گۆرگە كىرىپ كېتەرسەن؟ قاچانمۇ ئەركىنلىك، دېموكراتىيە نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ ياشارمىز؟ - دېدى ئايالىم رەسىم بىلەن خەتكە چوڭقۇر قاراپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلىرىنى تۆكۈپ.

- ھەي قۇللۇق، مۇستەبىتلىك قاچانمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىن كۆتۈرۈلۈپ، قانلىق زەنجىرىڭگە باغلىنىپ قالغانلار ئەركىن، ھۆر ياشار - ھە!

ئايالىم ئىككىمىز ئەتىسى پېشىن نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جانغا راھەت بېغىشلايدىغان دېڭىز بويىغا كەلدۇق. ساقچىلار سۇرىيەلىك ياشلارنىڭ چېدىرلىرىنى بۇزماقتا ئىدى.

- ئۇلار ئەمدى نەدىمۇ تۇرار، سوغۇق يېقىنلاپ كېلىۋاتسا، ھۆكۈمەت ئۇلاردىن ئەنسىرەپ مۇساپىرلارغا بەرگەن ئۆيلەرگە ئېلىپ كەتتىمۇ يا؟ - دېدى ئايالىم ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ساقچىلارغا قاراپ ئەتراپقا بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ.

بىز دېڭىز بويىنى ساياھەت قىلىش باھانىسىدە خۇپتەنگە ئەزان چىققۇچە سۇرىيەلىك

ياشلارغا قارىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بىز قايتىپ كەتتۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن ناماز شامنى ئوقۇپ بولۇشۇمغا ئۈچ دائىملىق خېرىدارىمىز كىردى.

مەن ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قانداق تاماق يەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار يەنە كېلىدىغان مېھمان بارلىقىنى، ئۇلار كەلگەندە ئاندىن تاماق بۇيرىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چاي ئېچىشىپ پاراڭغا چۈشتى.

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئون ئۈچ سۈرىيەلىك ياش بەششار ئەسەدنىڭ دەمەشىقتىكى چوڭ بىر ھەربىي بازىسىنى پارتلىتىپ نۇرغۇن ئوق - دورا، تانكا، بىرونېۋىك، ھەربىي ماشىنىلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇپ تاشلاپتۇ.

بۇ ياشلارنىڭ سەككىزىنى نەخ مەيداندا ھەربىيلەر ئېتىپ تاشلاپتۇ، قالغان بەشىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپتۇ، ئەتىگەن تۈركىيە گېزىتىگە چىقىپتۇ.

مەن گېزىتنى ساۋۇتجاننىڭ قولىدىن ئالدىم. شۇ تۇرقىدا يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكۇدەك دەھشەت سوقماقتا. كۆزۈم ئورېتىسىدىن چاچراپ چىقىپ چەكچىيىپ، لېۋىمنى ئۈزۈۋالغۇدەك چىشلىدىم.

مەن شاگىرتلارغا ئاشخاننى تاپشۇرۇپ، ئايالىم بىلەن ئون يەتتە تال شام ئېلىپ دېڭىز بويىدىكى كۆۋرۈك ئاستىغا كەلدۇق.

- بۇ تامدا شېئىر يېزىقلىق تۇرامدۇ نېمە؟

- مەن ئايالىم كۆرسەتكەن كۆۋرۈكنىڭ شەرق تەرىپىگە قان بىلەن يېزىلغان شېئىرنى كۆرۈپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

نېمە ئۈچۈن پەقەت تۈگۈمەيدۇ ئۇرۇش،
كىملەرگە لازىم، شۇ ئىنساننىڭ قېنى.
بۈيۈك ياراتقان مەۋجۇداتنى ئاللاھ،
ھەممىنى قول قىلغىن دېگەنمۇ سېنى.

نېمە ئۈچۈن پەقەت تۈگۈمەيدۇ ئۇرۇش،
بېھۇدە ئاقىدۇ ئالەم قانلىرى.
ئىنسان يەر يۈزىدىن يوقالسۇنمۇ يا،
شۇندا گۈلۈك ئېچىلارمىدى ئەبەد.

نېمە ئۈچۈن تۈگۈمەيدۇ ئۇرۇش،
كەل قولۇڭنى تۇتاي مېھرىم بىلەن.
قۇلچىلىقتىن راۋا ئەمەسمۇ دوستلۇق،
كائىنان كۈلسۇن ھالال مېھنەت بىلەن.

نېمە ئۈچۈن پەقەت تۈگىمەيدۇ ئۇرۇش،
ئىتتىپاقلىق تىلەپ قىلساقمۇ دۇئا.
دۇنيا قەتلىئاملاردىن يىغلايدۇ قان - قان،
ھاياتلىق ھەممىگە ئوخشاش بىباھا.

نېمە ئۈچۈن پەقەت تۈگىمەيدۇ ئۇرۇش،
بەرگەن ئۇنىڭغىمۇ ئەركىن ھاياتلىقنى.
تالىما ئىماننى، بايلىق تۇپراقنى،
ياشناتسۇن تەبىئەت دەپ ھاياتنى.

مەن شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشۇمغا ئايالىم كىچىك بالىدەك بۆقىرەپ يىغلاپ كەتتى.

مەن ئايالىمنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ كۆزۈمگە تور تارتقان ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئايالىمنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، ئايالىم ئىككىمىز ئون يەتتە شامنى ياندۇردۇق.